

ئابابەكرى توختى

# چوغ ئۇنتىغان قىز

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى





شائىر ئابابەكرى توختى 1973 ـ يىلى 14 ـ مارت قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ قومۇشئېرىق يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 1997 ـ يىلى ئىيۇلدا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن. 1997 ـ يىلى نويابىردىن 2009 ـ يىلى سېنتەبىرگىچە قومۇشئېرىق يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ، ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى، ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى، كاتىپ، ئىشخانا مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر ياپچان بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئابابەكرى توختى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا شېئىرىيەتكە ئىشتىياق باغلىغان، تۇنجى شېئىرى 1986 ـ يىلى «قەشقەر گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەر قايسى مەتبۇئاتتا 900 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ھېكايە، نەسر، ئوبزور ئېلان قىلغان؛ «ئانا يۇرت سۆيگۈسى»، «يۈرەكسىز سۆيگۈ»، «رۇبائىيلىق كالېندار»، «قەشقەردىكى يەر شارى»، «ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئابىدىسى»، «ئالتۇن قونچاق» قاتارلىق توپلاملارغا بىر قىسىم ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن؛ 30 پارچە ئەسىرى «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»، «غۇنچە ئەدەبىيات مۇكاپاتى»، «بوستان ئەدەبىيات مۇكاپاتى»، «ئالتۇنتاغ ئەدەبىيات مۇكاپاتى»، «چولپان ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ۋە بىر قىسىم گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئابابەكرى توختى

# چوغ ئوينىغان قىز

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

玩火的姑娘：维吾尔文/阿巴拜克力·托合提著．
— 乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2013.5
ISBN 978-7-5466-1237-9

Ⅰ.①玩 ··· Ⅱ.①阿··· Ⅲ.①诗集 — 中国 — 当代 — 维吾尔语
（中国少数民族语言） Ⅳ.① I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 113626 号

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم سەمەن
تەشكىللىگۈچى: ئابلەت جۇمە تۇپراق
ئابدۇشۈكۈر ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ھۆرنىگۈل يۈسۈپ
مەسئۇل كوررېكتورى: نۇرىمان قادىر
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: خەمىدە سەئىد ئالىم
بەت ياسىغۇچى: رەنا ئەمەتجان

**چوغ ئوينىغان قىز** (شېئىرلار)

*　*　*

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى № 255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ لىنو سودا ئىشلىرى باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880mm ×1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 5.375
2013 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2013 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 − 7 − 5466 − 1237 − 9
باھاسى: 18.00 يۈەن

# مۇندەرىجە


كۈز لىرىكىسى........................1

پۇلاڭلايدۇ يۈرىكىم ھالسىز..................2

«پىخسىق»...................................3

گۈل شېخىدا كۆرۈنمەس بۇلبۇل..............4

جاڭگالدىكى تورغاي.........................5

ھەي، تۇرمۇش...............................6

مۇشۈك......................................7

ئاشىقلىق كۈيى..............................8

بىز ئاشۇنداق ئايرىلغان.......................9

يۇلغۇن قىزارغان دالالار......................10

تۇغۇلغان قىشلاق............................12

كېچە لىرىكىسى..............................13

قۇياش سىزىپ ئولتۇرار بالا...................14

يېزىدا كەچ كۈز..............................15

كۆيۈك شەھەر...............................16

بالىلىق قەلب................................19

«ھاي-ھاي تېرەك»...........................20

لەگلىكىم....................................21

چېچەكلەر بەرگىدە سۆيگۈ چايقىلار...........22

ئايال ھەققىدە ناخشا........................23

زېمىن.......................................24

نە ھاجەت يۈرىكىم يىغلاپ ئاھ ئۇرۇش.........25

بىر قىز ئۆتتى دېرىزەمنىڭ ئالدىدىن.......... 26
بالىلىقنى سېغىنىش.......... 28
ئەي گۈزەل سۆزلىمە سۆيگۈ ھەققىدە.......... 30
شۇ يىراق جەنۇبتا مەن ئۆسكەن يېزا.......... 31
قۇملۇق لىرىكىسى.......... 32
ئىيۇل خاتىرىسى.......... 33
يارغول خارابىسى.......... 34
سېنتەبىر سونېتلىرى.......... 35
چۈشلىرىڭ دۇنياسى ئىقبالىڭ تېگى.......... 37
شوخ بالىلارغا.......... 38
يادىمدا ھەرقاچان شۇ يىراق قىشلاق.......... 40
نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ ئېشىكى.......... 41
ئون ئالتە ياشلىق قىز.......... 42
سېغىنىش.......... 43
سىڭلىمغا.......... 44
تەنھالىقتىن قېچىش.......... 45
قۇشنامە.......... 47
خەير ـ خوش ، بالىلىق.......... 48
سەن ماڭا خوش دېمەي كەتكەن شۇ كېچە.......... 49
نە ئۈچۈن بولمايسەن ئۇنتۇلغان بىر چۈش.......... 50
غېرىب شەھەر.......... 51
بۇلبۇل.......... 53
ۋەتەن.......... 54
ھىجران سونېتلىرى.......... 55
تانسىكەش قىز.......... 57
مۇھەببەتسىز ئۆلۈش.......... 58
يامغۇردىكى سېغىنىش.......... 59

سەن غەرق بولغاندا شېرىن ئۇيقۇغا ........ 60
جۇدالىق يادنامىسى ........ 61
بېلىق ........ 64
نورۇزنامە ........ 65
تەۋپىق قەبرىسىگە يادنامە ........ 67
تۇغۇلغان كۈنۈم ........ 68
قۇم كىتاب ........ 69
باھاردىكى سېغىنىش ........ 70
تورغاي مەھەللىسى ........ 72
قىزلارنىڭ ھىدى ........ 73
تۇمار ئاستى بوينۇمغا ئانام ........ 74
يېلىم تېرىپ يۈرگەن قىزچاقلار ........ 75
كۈلۈمسىرەش ........ 76
چىدايمەن ھەممىگە ئامرىقىم، بىراق ........ 77
سەھرانىڭ تىرىك ھەيكىلى ئانام ........ 78
قەشقەر سونېتلىرى ........ 79
رەڭدار تاشلار ........ 83
ياۋا قۇش ........ 85
قايتىپ كەتسەڭ سەبىيلىكىڭگە ........ 87
ئۈچرىشىش كۈيى ........ 89
تاڭ لەۋھەسى ........ 90
ئۇنتۇش ئۈچۈن ئەسلەش ........ 91
ئۈچ كوچا تەزكىرىسى ........ 96
بىز ئۈچراشقان شۇ كۈندىن بېرى ........ 98
ئون سەككىزگە كىرمىگەن كىم بار؟ ........ 99
شۇنداقلار كۈلكەمنى قىستايدۇ ئەجەب ........ 100
تەبىئەت ........ 101

جۇۋازچى........................................103
تەبەسسۇم........................................104
ناتونۇشمەن ئۆزۈمگە................................105
مۇساپە..........................................106
دادامنىڭ خەت يېزىشى.............................107
سۇنۇق ئابىدە....................................108
بۇزۇلمىسۇن قۇتلۇق چۇشلىرىڭ!......................110
ئانا سېغىنىشى...................................111
...گە بېغىشلىما...................................112
ئوخشىتىش........................................113
قار چېچەكلىرى...................................114
يېقىنلىشىش.......................................115
لالەم............................................116
ئاھ مېنى يىغلىتار مەيۇس ھالىتىڭ......................117
بالىلىق ئەسلىمىسى................................118
دېرىزە ئەينىكىدىكى قەشقەر..........................120
ئوغلۇم ۋە شېئىر....................................122
بېغىشلىما..........................................123
قەشقەر ھەققىدە قوشاق.............................124
توك قاغا...........................................126
يەكەندىن قايتىش...................................127
يالغۇز ئايال.........................................129
ئۈچىنچى ناخشا....................................130
كەچكۈزدىكى تەبەسسۇم............................131
تاشۋاي...........................................132
ئاتۇش ئادىمى......................................133
بىر قىزغا يادنامە...................................134

گىرداب ........................ 135

پەرياد چەكتىم ........................ 137

ھېيتگاھ ........................ 139

قەشقەر راۋابى ........................ 140

چوغ ئوينىغان قىز ........................ 141

قەقنۇس شەھىرى ........................ 142

كېچە ۋە ياستۇق ........................ 143

سېنتەبىردىكى سېغىنىش ........................ 145

تۇرىمەن بىرسېنى قايغۇلۇق سۆيۈپ (سونېتلار) ........................ 146

دېرىزە تۇۋىدە مۆكۈلىنىدۇ ئاي ........................ 148

ئاھ، سەن ........................ 149

يېرىم كېچىدىكى تەنھالىق ........................ 150

ئۈرۈمچىگە خەت ........................ 151

ناتونۇش قىز خاتىرىسىگە ........................ 152

ئەسنەۋاتقان مۆشۈكياپىلاق ........................ 153

كېچە تەزكىرىسى ........................ 154

يالغۇز توغراق ........................ 155

كېچىكىش ........................ 156

سۆيگۈ تەلپۈنۈشلىرى ........................ 157

ھىجران يىلتىزى ........................ 162

# كۆز لىرىكىسى

توپا يولدا بىر ئىز بار،
كۆمەر ئۇنى ئالتۇن يوپۇرماقلار تۆكۈلۈپ.
كۆل بويىدا بىر قىز بار،
تۇرنىلارغا قارايدۇ چېلىكىگە سۇ ئېلىپ.

لەپىلدەيدۇ گاز ياغلىق،
غۇرۇلدىغان شامالنىڭ قانىتىغا ئۇرۇلۇپ.
زېمىن نۇرغا ئوراغلىق،
قۇياش باقار خىيالچان، ئاقۇچ تۇمان سۇرۇلۇپ.

سىڭىپ كەتتى تۇرنىلار،
قۇچىقىغا ئۇپۇقنىڭ چېكىت بولۇپ كۆرۈنۈپ.
قىز لېۋىدە ئەلۋىدا،
غازاڭ تۆككەن سۆگەتكە قالدى ھالسىز يۆلىنىپ.

## پۇلاڭلايدۇ يۇرىكىم ھالسىز...

ھېسلىرىمغا سالالماي يۇگەن،
ئاۋارىمەن، ئاۋارە جانان.
سېغىنچىڭدىن چاڭقىغان لېۋىم
شەربەت تىلەر لېۋىڭدىن ھامان...

«لىپ» قىلىپلا كۆرۈندى قاراڭ،
پۇلاڭلىدى يۇرىكىم ھالسىز.
ئوت چاچرىتىپ كەلسەڭ كۆزۈڭدىن،
تۇگەرمەنمۇ كۆيۈپ ھايالسىز؟

## «پىخسىق»

سىخىيلىقنى بەرمەپتۇ ساڭا،
گۈزەللىكنى بەرگەن ئىلاھىم.
مۇھەببەتتە «پىخسىق»لىقىڭدىن،
ئۆرلىمەكتە پەلەككە ئاھىم.

تىرىك پىتى ئۆلتۈرەي دەمسەن،
مىنى بۇنچە قىيناپ، كۆيدۈرۈپ.
قالارمىتى لەۋلىرىڭ ئۈپراپ،
ئەگەر بىرنى قويساڭ سۆيدۈرۈپ؟

# گۈل شېخىدا كۆرۈنمەس بۇلبۇل...

يېشىللىقتىن قالمىغان ئەسەر،
ئاساۋ ئاتتەك كىشنەيدۇ بوران.
تەبىئەتكە قىلىپ تاجاۋۇز،
بولۇۋالغان سوغ قىش ھۆكۈمران.

كۆرۈنمەيدۇ خۇشناۋا بۇلبۇل،
گۈللەر توزۇپ بولغاچقا خازان.
ئۇنتۇپ ئاڭا ئاشىقلىقىنى،
قاچتىكىنە ۋاپاسىز قايان؟!



# جاڭگالدىكى تورغاي

ياشىماقتا تەنها بىر تورغاي،
ماكان قىلىپ يانتاق تۈۋىنى.
ھەر كۈنلۈكى چۇ ـ چۇلاپ ھارماي،
ياڭرىتىدۇ مۇڭلۇق كۈيىنى.

جاڭگاللىقنى ئارىلار قويماي،
ئۇ ئىزدەيدۇ زادى نېمىنى؟
ئۇ ئىزدەيدۇ قىسماقتا ئۆلگەن،
ئامرىقىنى، مەھبۇبىسىنى!

# ھەي، تۇرمۇش

پاك ياشاشنى ئىستەيمەن سەندە،
بەخت قېقىپ كەتسىمۇ پەشنى.
ئۇمىدۋارلىق ئۆگىتەر شۇڭا،
يىغلاپ تۇرۇپ كۈلۈمسىرەشنى.

قىڭغىر ـ سىڭغىر ئىكەن يوللىرىڭ،
مەنزىلگاھىڭ كۆز يەتمەس ئۇزاق.
خۇشاللانسام كۆرۈندۈڭ جەننەت،
قايغۇرغاندا بەئەينى دوزاخ.
ئەنە تۇرمۇش، يېنىمدا تۇرمۇش،
سەن نېمانچە سىرلىق تېپىشماق؟!

# مۈشۈك

مارىلاپ مۈشۈك تۆشۈكمۇ ـ تۆشۈك،
پايلاپ چاشقان دېگەن نىجىسنى.
چاشقان تۇتالمىسا قىلاركەن،
ئادەم قورققۇدەك شۇنداق بىر ئىشنى:
ئاچ كۆزلۈكى نەپسىنى ئۆتۈپ،
بالىسىنى يەيدىكەن تۇتۇپ...

# ئاشقلىق كۈيى

مەن تەنها ئولتۇرۇپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق،
پايانسىز خىيالارغا بولىمەن غەرق.
يالقۇنلۇق بىر كۈيگە سالغانچە قۇلاق،
دىرىزەم تۈۋىگە قالىمەن بىرىپ،
ئاھ، شۇندا ئارزۇلار ئۇرىدۇ بەرق.

قارايمەن كۆك ئاسمان، بۇككىدە ئورمان،
قوينىدا بەھۇزۇر ئۇخلار تولۇن ئاي.
ئىزدەيمەن، ئىزدەيمەن، ئۇ شۇنچە پىنھان،
يالقۇنلۇق كۈينى ئاڭلايمەن تىنماي،
ئۇ شۇنداق ھەسرەتلىك، لىرىكىغا باي.

غۇرۇرۇم كۆكىدە بالقىغان قۇياش
بىر يۈكسەك سۆيگۈنى قىلار مۇجەسسەم.
بىلمەيمەن،بىلمەيمەن نىچۈن تۆكتۇم ياش،
ئاق يامغۇر زىمىننى قىلغىنىدەك نەم،
قەلبىمنى تىلغايدۇ ئاچچىققىنە تەم.

شۇ كۈيگە بوپتىمەن ئەبەدىي ئاشىق،
يوق پەقەت ئاڭلىماي ئۆتكەن بىر تۈنۈم.
گىتارچى، گىتارچى كەل بۇياقا چىق،
كۈيۈڭگە كۈي قوشسۇن جاراڭلاپ ئۈنۈم،
ئۆزۈڭنى، مىنىمۇ قىينىما جىنىم...

# بىز ئاشۇنداق ئايرىلغان

سەن كۆيمىگەن، مەنمۇ كۆيمىگەن،
بەڭباش ھېسلار كۆيدۈرگەن پەقەت.
سەن سۆيمىگەن، مەنمۇ سۆيمىگەن،
يات تۇيغۇلار سۆيدۈرگەن پەقەت.

سەن يىغلىغان، مەنمۇ يىغلىغان،
ئايرىلىشلار قىيىنىغاندا جان.
سەن قىيمىغان، مەنمۇ قىيمىغان،
خورلانغاندا ئۆرتىنىپ ۋىجدان.

سەن بىلمىگەن، مەنمۇ بىلمىگەن،
چىن مۇھەببەت ئالتۇن تەختىنى.
سەن تىلىگەن، مەنمۇ تىلىگەن،
ئۆمرىمىزگە مەڭگۈ بەختىنى.

# يۇلغۇن قىزارغان دالىلار

1

دالىلاردا قىزاردى يۇلغۇن،
پەسىللەردە تۈگمەي ئارمان؛
يېپىلماقتا گۈل - چېچەكلىرى،
ئانا يەرگە مۇھەببەتسىمان.

2

سەن سورىدىڭ مەندىن ئەزىزىم،
«قايسى گۈلگە ئامراق دىلىڭ؟» دەپ.
ھەيران قالدىڭ بەرگەندە جاۋاب،
«يۇلغۇن گۈلى ئامراق گۈلۈم» دەپ.

3

ئاھ، بىر تارىخ ياتار بۆلىنىپ،
يۇلغۇنلارنىڭ قۇچاقلىرىغا.
ھېلىمۇ ھەم ئۇنى شاماللار
قېتىپ يۈرەر قوشاقلىرىغا.

4

تۇلپىرىدىن يىقىلغان بوۋام،
كۆكرىكى قان، يۇلغۇن تۈۋىگە.
كۆزلىرىنى يۇمغاندا دەپ تاڭ،
قۇياش كېلىپ قونغان لېۋىگە.

5

بۇندا باردۇر سانسىز قەبرىلەر،
بۇندا باردۇر سانسىز ئوت يۈرەك.
ئاشۇلارنىڭ ئىسسىق قېنىدۇر،
يۇلغۇنلاردا ئېچىلغان چېچەك.

6

بۈگۈن ئۆتمۈش قالدى يىراقتا،
بەخت تېگى چاچماقتا جۇلا.
ئەسلىتىدۇ ئەجدادلىرىمنى،
ئاشۇ يۇلغۇن قىزارغان دالا.

# تۇغۇلغان قىشلاق

ئىڭگە، دەپ باغرىڭغا تۇغۇلغان يىغلاپ،
يىغلاپ كۆرۈشتۇمغۇ بۈگۈنمۇ شۇنداق.
بۇ چەكسىز يىغىنىڭ ۋەجى سۆيگۈكەن،
باغرىڭنى چۈمكىگەن قارلاردىنمۇ ئاق.
ئېتىقاد، ئەركىم بار سەندە ئەي قىشلاق،
بار ھەتتا ئاداققى تىنىقلىرىممۇ.
بىر ئۈچۈم تۇپراقتىن يارالدىم سەندە،
سەندە بار مەڭگۈلۈك ياتار يېرىممۇ.

ئادەملىك ئامىتىم سەندىن ئىلتىپات،
ساڭىلا بىر ئۆمۈر بولدۇم چىن ئاشىق.
بەزىلەر تەڭرىگە قىلسا ئىبادەت،
مەندىكى ئەقىدە بىر ساڭا تالىق...

# كېچە لىرىكىسى

كېچىلەر چېچىلغ سۇمبۇل،چېچىلغ لالە،
دىلبەرنىڭ چاچلىرىدىن رەڭ تالاشقان.
ئاھىڭ ئوت، ئوت قوينىدا قىلىپ نالە،
مەشۇقسەن زېمىن بىلەن قۇچاقلاشقان.

نەقەدەر سۆيۈملۈكتۇر سۆيۈپ يىغلاش،
گىياھلار ياپرىقىدا ياقۇت يېشىڭ.
تىڭشايدۇ سۆيگۈ كۈيى (كۈيگە سىرداش)،
زېمىنىنىڭ كۆكرىكىگە قويغان بېشىڭ.

مەستدۇرسەن بىر تۇيغۇدىن، پىچىرلاشتىن،
پىچىرلاش ئەبەدىيلىك خۇمار ساڭا.
قۇتلۇقلاپ بۇ تويۇڭنى يەنە باشتىن،
ئېسىپتۇ ئاسمان نۇرلۇق تۇمار ساڭا.

مەشۇقسەن زېمىن بىلەن قۇچاقلاشقان،
ئىھ، كېچە سەندە ھىجران بوغۇلماقتا.
بۇيۇكسەن، بۇيۇكلۇككە قۇچاق ئاچقان،
باغرىڭدا ئەنە قۇياش تۇغۇلماقتا...

# قۇياش سىزىپ ئولتۇرار بالا

كىچىككىنە بىر بالا
ئولتۇرىدۇ قۇياشنى سىزىپ،
ئۇچۇم بولغان خىياللىرىدا،
چەكسىز ئۇپۇق، سامانى كېزىپ.
قۇياش گاھ ئوخشايدۇ كاكچە نانلارغا،
لەۋلىرىنى يالاپ قويار ئۇ.
گاھ ئوخشايدۇ ئانا كۆزىگە،
نۇرلار ئەمەس، چاچىدۇ سۆيگۈ.
بۇ يوللاردا تەمتىلەپ مېڭىپ،
بالا بىلگەن قۇياش پەقەت شۇ...

# يېزىدا كەچ كۈز

قاتار ـ قاتار ئۇچقان تۇرنىلار،
جۆنىمەكتە يەنە يىراق جەنۇبقا.
ۋاللەي ئېيتىپ كۈلۈشمەيدۇ بالىلار،
قار ياماشتى سەمرىپ كەتكەن بۇلۇتقا.

چېكەتكىنىڭ كۈيلىرىنى ئەپقاچتى،
توڭ قاغىلار شاختىن ـ شاخقا قونۇشۇپ.
دىرىلدەيدۇ ئەمدى قويلار پادىسى،
يايلاقتىكى يۇمران چۆپكە تويۇشۇپ.

ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرىدۇ قېرىلار،
چولاق تامنىڭ دالدىسىدا سىردىشىپ.
توزۇپ كەتكەن قۇشلارنىڭ شوخ كۈيىمۇ،
دان توشۇيدۇ ئۇۋۇسىغا قىر ئېشىپ.

بىر قارىساڭ سۆيۈنىسەن كىمگىدۇر،
بىر قارىساڭ كۆزلىرىڭگە ياش كېلەر،
مۈگدەۋاتقان كەڭ يېزىنىڭ دالاسى،
ئالتۇن رەڭلىك ياپراقلارغا چۈمكىلەر...

# كۆيۈك شەھەر

ئېرىمەكتە ناتىۋان يۈرەك
كۆيۈۋاتقان قەدىم شەھەردە.
تامچىلىشى يۈرەكنىڭ
نەۋباھارنىڭ تەبەسسۇمىدا،
ئېرىۋاتقان مامۇق قارلارنىڭ
جەزبىسىگە ئوخشايدۇ گويا.

تاپىنىم ئاستىدا ۋەتەن تۇپرىقى،
تاپىنىم ئاستىدا يىراق بىر تارىخ...
سۆزلىمەس ئىدىقۇت، يارغول ۋە مىڭ ئۆي،
ئۇنىڭ سۈكۈتىنكى قىياپىتىدە،
ھىجراندا پۇچۇلغان ئاشىق سۈرىتى،
ئۆرگۈلۈپ ـ چۆرگۈلۈپ كۈرمىڭ ئەسىرلەر،
قىسمىتىنىڭ شۇمىتى ئېيتقىنا چەرخ؟!

تۇرالاردا لەپىلدەر قايغۇ،
چولاق تاملاردا،
خارابىلەردە،
كەچمىش ساقلىنى سىپاپ خىيالچان،
ئېلىپ كىرەر قۇپقۇرۇق دىلغا
كۆز ياش بىلەن نەمدەلگەن تۇيغۇ.

بۇتلار ماڭلىيىدا قۇشقاچىنىڭ ئىزى،
چۇشمەيدۇ ئۇنىڭغا ئىشەنگىن شۇتاپ

ئالىي دەرىجىلىك رېستورانلاردا،
تانسىخانىلاردا،
كىملىكىنى قوسۇققا كۆمگەن
دۇنيادىن بىخەۋەر مەستلەر نەزىرى.

مەن كۆز يېشى قىلماقچى ئەمەس،
كۆزۈمدىن بۇرۇن يىغلايدۇ قەلبىم،
بۇ يىغىنى كۆرەلمەس ھېچكىم.
ۋىجىك تېنىمدىكى سانسىز جاراھەت
بۇ شەھەرنىڭ كۆيۈك قەلبىگە،
ئەگىز بولۇپ ئاقىدۇ تىم-تىم.

تۇرپان سەن بوۋامنىڭ قەبرىسى بار جاي،
بەلكىم بولغان جىسمىڭ قىزىل تۇغ.
بوۋام تۇلپاردىن يىقىلغان چاغدا،
قوچىقىڭغا تامچىلىتىپ قان.

ھېلىھەم بۇرنۇمغا ئۇرۇلغىنى راست،
ئۇلار تۆككەن ئىسسىق قان ھىدى.
كىممۇ مېنى ئۆلمەس ھاياتتا،
ئايرىنچور تېكىنىنىڭ
ئابدۇخالىقنىڭ
يەنە سانسىزلىغان قەھرىمانلارنىڭ،
پۇشتىدىن تامىغان دەيدۇ شۇ تاپتا.

قوچىقىڭغا كېلىپلا بىلدىم،
بىر ئارمان كۆيىدۇ سەندە گۇرۇلدەپ.

ھە، شۇڭا ئاتىغىم كەلدى ئىسمىڭنى،
كۆيۈپ تۈگىمىگەن كۆيۈك شەھەر دەپ.

قەھرىتان قىش بۇ
دەرەخلەرنىڭ پۈكۈلگەن قەددى،
ئەدەۋاتقان سوغۇق دەستىدىن.
پەقەت مەنلا قەقنۇس كەبى
تىرىلمەكتىمەن گۈلخان ئىچىدە،
ئېرىپ ئاستا سۆيگۈ تەپتىدىن.

# باللىق قەلب

بۆشۈكۈمنى بەر ئانا،
سىغىنندىم مەن ئەللەيلىرىڭنى.
ئەللەي، ئاھ، ئەللەي،
تېپىۋالدىڭ سەن ئەمدى كىمنى؟

ئايدىڭ ئايدىڭ ئەمەستۇر،
ئوغۇز سۈتى چېچىلمىسا ئالەمگە.
نان پىشمايدۇ تونۇردا،
ئانام پىشىپ چىقمىسا ھەمدە.

ئانام مېھرى سىڭمىسە ئەگەر،
ئېغىزىمغا تېتىمايدۇ نان.
كۈلۈمسىرەش مەن ئۈچۈن گۇناھ،
ئانام رازى بولمىسا ھامان.

بۆشۈكتىن باشلانغان يېقىملىق گۈڭراش،
ئەللەيدىن باشلانغان زىلال سۆيگۈ.
دۇنيا گۈزەل ئەمەستۇر بۇنداق،
ئانام پەپىلەپ تۇرمىسا مېنى.
كەتسەڭمۇ ھەممىنى ئېلىپ سەن ئانا،
ئەپكەتمە مەڭگۈگە ئەللەيلىرىڭنى...

# «هاي - هاي تېرەك»

«هاي» دېمىسە ئۆسۈپ باراقلاپ،
تاقىشامتىڭ ئاسمان پەلەككە؟
«هاي» دېگەچكە مەھمۇد كاشغەرىي،
توختاپ قاپسەن يېتەلمەي چەككە.

سەن ئەسلىدە ئۆسكەن يۈرەكتە،
مەڭگۈ ئۆلمەس مۇھەببەت بولۇپ،
يەر يۈزىدە قالساڭمۇ قۇرۇپ،
يۈرەكلەردە قالمايسەن سولۇپ.

شامال ئۇپسە ئاراشلىرىڭدىن،
ئۇرغۇپ چىقار «مەھمۇد» دېگەن سۆز.
ياپراقلىرىڭ چېچىلغان يۇلتۇز،
جاھان ئەھلى تىكىپ تۇرغان كۆز...

# لەگىلىكىم

ئۆپۆقنى سۆيۈپ ياتقان يېشىل دالا،
بالىلىق ھېسلىرىمنى كۆلدۈرەتتى.
ئۆچۈرسام ئۇندا ئويناپ لەگىلىكىمنى،
خىيالىم يۇلتۇزلارغا گۈل بېرەتتى.

لەگىلىكىم نەلەردە سەن، سېنى يىللار،
مېنىڭدىن ئەپقاچتىمۇ لولىلاردەك.
سەن بىلەن بالىلىقتا باسقان ئىزلار،
يالتىرار ئۆپۆقتىكى شولىلاردەك.

ئۇ چاغلار ئەسلىمەمنىڭ پىلتىسىگە،
ئوت ياقار ئەمدى پەقەت ھىجران سېلىپ.
ئىزدەيدۇ يوللىرىمدىن شۇ ئىزلارنى،
كۈمۈش رەڭ ساقاللىرىم جىلۋە قىلىپ.

سېغىنچىلىك سۆيگۈ قويۇپ يۈرىكىمگە،
ھە، بۈگۈن باقسام ئاشۇ دالاغا مەن.
ئايلاندىم ئۇنتۇپ دۇنيا غەلۋىسىنى،
ئاھ، سېنى ئويناپ يۈرگەن بالىغا مەن...

# چېچەكلەر بەرگىدە سۆيگۈ چايقىلار

سۈبهىنىڭ لېۋىدە يانغان تەبەسسۇم،
سۈبهىدەك ھېسلارنى كۈيگە باي قىلار.
سۈبهىنىڭ قوينىدا كۈلگەن سۈبهىدەك،
چېچەكلەر جامىدا سۆيگۈ چايقىلار.

شىپالىق خۇش ھىدلار ئەيلىشەر پەرۋاز،
ھاۋادىن ـ ھاۋاغا، دىللاردىن دىلغا.
بار ئۇندا ھاياتنىڭ ئۆلمەس تىنىقى،
نۇرلۇق ئوي ـ پىكىرلەر ئۇچماقتا ئالغا.

چېچەكلەر جامىدا سۆيگۈ چايقىلار،
نەقەدەر بۈيۈكتۇر سۆيگۈ، دەپ ياشاش.
چېچەكلەر كۆز ئاچتى گۈلگۈن سۈبهىدە،
ياشىسۇن سۈبهىنى ياراتقان قۇياش!

# ئايال ھەققىدە ناخشا

شۇنچە لېۋەن بىر مۇزىكىسەن،
ھېچكىم ئاڭلاپ تۈگىتەلمىگەن.
ئاڭلىسىمۇ ئەسىرلەپ ئىنسان،
سىرلىرىڭنى ھېچ يېشەلمىگەن.

كىچىككىنە كەنتسەن ئەمما،
ئالەم سېنىڭ باغرىڭدىكى يول.
كۆچمىسىلا ئاشىق يولۇچى،
مەشۇقلۇقنى قىلىسەن قوبۇل.

بىر گۈلسەنكى، بەرگىڭدىكى ياش
يۈرەكلەرنى قان قىلار يونۇپ.
كۈلسەڭ ئەگەر كۆكتىكى قۇياش،
لەۋلىرىڭگە ئالىدۇ قونۇپ.

پاكلىق كۈلگەن جەننەت سەن،جەننەت،
چىركىن ھېسلار سالالماس شۇملۇق.
دەز كەتسە گەر جانان چىنەڭگە،
بوپ قالىسەن بورانلىق قۇملۇق.

# زېمىن

ساڭا تۇغۇلغاندا يىغلاپ تۇغۇلغان،
ھە، شۇڭا كۇلۇشكە تۆلەيمەن بەدەل.
يىغلاپ ياشىسامىمۇ ئالدىڭ باغرىڭغا،
مېھرىڭ بولۇپ گويا ۋۇجۇدۇمدا سەل.

شۇكرى، ئېتىقادىم بولمىدى پايخان،
نى مەشئۇم بالادىن يۇتسامىمۇ زەھەر.
پاك كەتتىم، ئەبەدىي ئېتىسەن ئەللەي،
بۆشۈكۈم سەن بەرگەن ئىككى مېتىر يەر...

# نه ھاجەت يۈرىكىم يىغلاپ ئاھ ئۇرۇش

نه ھاجەت يۈرىكىم، يىغلاپ ئاھ، ئۇرۇش.
تىنچلان، قايغۇڭنى ئۇنتۇغىن بىردەم.
ئۆتمۇش چۈش كەبى قالدى يىراقتا،
كۆكتىكى يۇلتۇزلار سىردىشىڭ شۇدەم.

نه ھاجەت يۈرىكىم، يىغلاپ ئاھ، ئۇرۇش.
بۇ ھايات يەنىلا گۈزەل ۋە شېرىن.
بىر لەھزە ھەسرەتنى ئۇنتۇيالىساڭ،
بىر لەھزە شادلىقتا ئالالايسەن تىن...

# بىر قىز ئۆتتى دېرىزەمنىڭ ئالدىدىن

بىر قىز ئۆتتى دېرىزەمنىڭ ئالدىدىن،
قىلىپ يەنە يۈرىكىمنى مالىمان.
مېڭىشلىرى ئوخشايدىكەن ساڭا بەك،
قولىدا گۈل، كۈلۈشلىرى شادىمان.

مەن يۈرتۈمنىڭ بولۇپ كەنجى شائىرى،
كۈيلەپ ئۆتتۈم سەندەك تالاي قىزلارنى.
بۇ ھاياتنىڭ بورانلىرى ۋە لېكىن،
ئۆچۈردىغۇ باسقان تالاي ئىزلارنى.

ئاينى ئېلىپ ئالىقىنىمغا تۈنلەردە،
شېئىر يازسام دېرىزەمنى چەككەنلەر.
ئوغرىلاپلا شېئىرىمدىكى ئۆزىنى،
بولدى يەنە مېنى تاشلاپ كەتكەنلەر.

قاپاق تۈرۈپ ياشىمايمەن ھاياتتا،
كۈلۈش ئۈچۈن يارالغانمەن ئەسلىدە.
كۈلۈپ تۇرۇپ ياشىمىدىم ۋە لېكىن،
مۇھەببەتنىڭ بۇ ئالدامچى پەسلىدە.

قىزلار، قىزلار سىلەر ئۈچۈن چېكىپ دەرد،
تەنھا قالدىم قەلبىمدىكى ئۆزۈمدەك.
تىنچسىز تۈن چىللاپ تۇرغان ۋىسالگاھ،
كۆرۈندىغۇ قول يەتمىگەن ئۆزۈمدەك.

بىر قىز ئۆتتى دېرىزەمنىڭ ئالدىدىن،
كەلدى ئۇنى قەلبىم تامان باشلىغىم.
بويسۇنمايسەن نېمىشقا ئاھ ئەركىمگە،
قارامۇ سەن، ساراڭمۇ سەن ياشلىقىم؟

# باللىقنى سېغىنىش

كىملەر بولاپ كەتتى كۆلكەمنى،
مۇڭغا چۆككەن قەلبىم دالاسى.
ئىزدەپ كەلدىم باللىقىمنى،
ئاھ، مەن ساددا سەھرا بالىسى.

ئاغدۇرۇلغان شورتاڭ يەرلەردە،
ئۈنسىز ناخشا ئېيتقاندا سازاڭ؛
ئورمانلاردا بېلىق كۆكسىدەك
ئاستا ـ ئاستا سۇزۇلگەندە تاڭ؛

مىنىپ شۇ چاغ «ئەجدەر قۇلان» غا،
مەھەللىدە باشلايتتۇق سۈرەن.
ھۆررا توۋلاپ تاشلىنىپ ئالغا،
ئېلىشاتتۇق «دۈشمەنلەر» بىلەن.

گاھى قاتتىق جەڭگى ـ جېدەلدىن
بولار ئىدى ئاغزى ـ بۇرنۇم قان.
قاقشىمايتتىم بىراق ھېچكىمگە
تىللىسىمۇ «كەپسىز» دەپ ئانام.
كەپسىزلىكىم سىڭگەن باللىق
ئۆتۈپ كەتكەن شۇنداق «جەڭ» قىلىپ.
چوڭ بولغاندا شوخلۇقلىرىم يوق،
بۇ ھاياتقا ئويچان كۆز سېلىپ.

مۇشت يېسەممۇ بالىلىق چاغلار،
گۈزەل ئىدى گۈزەل نەقەدەر.
ئۇ چاغ مېنىڭ قايغۇم يوق ئىدى،
چېھرىم گويا جۇلالىق سەھەر!

كىملەر بۇلاپ كەتتى كۈلكەمنى،
مۇڭغا چۆككەن قەلبىم دالاسى.
ئىزدەپ كەلدىم بالىلىقىمنى،
ئاھ، مەن ساددا سەھرا بالىسى.

# ئەي گۈزەل سۆزلىمە سۆيگۈ ھەققىدە

ئەي گۈزەل سۆزلىمە سۆيگۈ ھەققىدە،
ئۇ سالار ئېسىمگە مۇڭلانغان ئاينى؛
ئۇ سالار ئېسىمگە ئۆزگە بىر ھايات،
ئۇ سالار ئېسىمگە يىراق بىر جاينى.

نەلەرگە مۆكتىكىن مۇھەببەت پەسلى،
يوقالدى شۇ شېرىن تەلۋە ھاياجان.
بۈككىدە چىتلاقتا مۆكۈنگەن قىزچاق،
مىسرالار قېتىدىن مارايدۇ ھامان.
ئۆتلىدىم قىسمەتنىڭ ئاچچىق مەينى،
يوقالدى ھەممىسى غۇۋا سايىدەك.
ياش باسقان خىياللار قىينايدۇ مېنى،
شۇ شېرىن چۈشلىرىم ئۇزاپ كەتتى بەك.

ئورماندا بۇلۇتلار توقۇشار كەشتە،
تۇمانلار ئەتراپقا چاچار خۇش پۇراق.
يوق ئەمدى سەھرانىڭ بەڭباش بالىسى،
قىرلاردىن ئۆزۈمگە تەرگەن تۆت قۇلاق.

ئەي گۈزەل سۆزلىمە سۆيگۈ ھەققىدە،
ئۇ سالار ئېسىمگە مۇڭلانغان ئاينى؛
ئۇ سالار ئېسىمگە ئۆزگە بىر ھايات،
ئۇ سالار ئېسىمگە يىراق بىر جاينى...

# شۇ يىراق جەنۇبتا مەن ئۆسكەن يېزا

شۇ يىراق جەنۇبتا مەن ئۆسكەن يېزا،
ياتقاندۇ بۇ كېچە تاتلىق چۈش كۆرۈپ.
پادىچى بالىنىڭ مۇڭلۇق نېيىدىن،
نەۋجۇۋان ئۆزىنى قويسا يىتتۇرۇپ.

شاخلارغا ئېسىلىپ قالغان كۇمۇش ئاي،
باققاندۇ تالاي رەت جۇلدۇر كەپىگە.
ئېھ،ئۇندا ھاياتنىڭ شېرىن ئىستىكى،
ئويلارنى باشلايدۇ گۈزەل ئەتىگە.

زېمىننى قۇچاقلاپ يالقۇنجايدۇ كۈي،
كۈيلەردىن لالىلەر ئاچىدۇ پورەك.
ياستۇقتىن ئاقسىمۇ بىر ئەزىم دەريا،
مەپتۇنكار ھېسلاردىن ئۇمتۇلەر يۈرەك!

مەن ئاشۇ يېزىنىڭ مىسكىن شائىرى،
يېزىلا بىلىدۇ شائىرلىقىمنى.
پادىچى بالىنىڭ مۇڭلۇق نېيىدىن
ئوقۇيدۇ ۋادىلار يازغان شېئىرىمنى.

# قۇملۇق لىرىكىسى

ھەسرەتلىك يۇرەكنىڭ تىترىشى گويا،
ئاپتاپلىق مەۋسۇمدە كۆيۈۋاتقان قۇم.
دانچىلار قۇياشنى ئالغان باغاشلاپ،
ۋىسال پەيتلىرىدە قىلدىم تەبەسسۇم.

يۇرتۇمدا قۇملۇق كۆپ،كەزسەڭ تۈگىمەس،
ئاھ، ئۇندا چاقنايدۇ بالىلىق ھەۋەس.
كۆمگەن مەن ئۇنىڭغا زەڭگەر چۈشۈمنى،
بوۋامنىڭ چۆچىكى قىلغىنىدا مەست.

تاپانغا ئۇرۇلسا دوزاخنىڭ تەپتى،
يۇرىكىڭ پىژژىدە ئوت ئالىدۇ راست.
بۇ مېنىڭ زۇۋۇلۇم ئۇزۇلگەن دىيار،
ئۆزگە ھېچ دىيارغا مەڭگۈ ئوخشىماس.

مەن شۇنداق ياشىدىم دېڭىزدىن يىراق،
دېڭىزغا بولمىدىم ئەزەلدىن خۇمار.
چۈنكى بار بۇ يەردە سۆيگۈ دېڭىزى،
چاڭقىغان قەلبىمنى قىلغان بەختىيار...

# ئىيۇل خاتىرىسى

بەك يىراق قەلئەسەن مەۋھۇم ئۈمىدتەك،
سۆزلەيمەن ساڭىلا ئازاب ھەققىدە.
نەقەدەر لەززەتلىك ئىيۇلنىڭ چۈشى،
بىراق ئۇ قەلبىمنى قىلماقتا زىدە.

مەست بولدۇم سەن ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم،
رومكامدىن يۈرەككە كۆچتى قاغجىراش.
قانداقمۇ ئۆزۈمگە قايتاي ئاھ ئۇرۇپ،
ئەپكەتتىڭ ھەممىنى يارىدار قۇياش.

ساناقسىز كۆزلەر بار جىمجىت كېچەمدە،
ئۇيقۇمنى بوغۇزلار، بوغۇزلار مېنى.
ھەر سۇبھى قوپىمەن ساڭا ئايلىنىپ،
بەك يىراق ۋە لېكىن سۆيگۈ گۈلشىنى...



# يارغۇل خارابىسى

بۇ شەھەر خارابە بولغىنى بىلەن،
بۇ زېمىن خارابە بولمىدى زىنھار.
باھارنىڭ چۈشىنى ئۆتىدۇ تاشلاپ،
باغرىدا بىر قونۇپ ئۆتكەن تۇرنىلار.

كۆزۈڭگە ئالمىغىن ئىسسىققىنا ياش،
بولسا بەس قەلبىڭدە تاتلىق ھاياجان.
يىراق بىر تارىخنى ياتار قۇچاقلاپ،
ئاپتاپقا قاقلىنىپ سانسىز ئۇستىخان.

ھېلىھەم ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى
كېلىدۇ يارغولنىڭ تەكتىدىن ئۇزاق.
بۇرادەر سەن بۇنى تىڭشىيالايسەن،
يۈرىكىڭ بولغاندا ئەڭ سەزگۈر قۇلاق.

# سېنتەبىر سونېتلىرى

1

سېنتەبىر چۈشۈمنى كەتمە ئۇغىرلاپ،
ئەڭ تاتلىق چۈشلەرنى كۆرىمەن سەندە.
ھىجران لەشكەرلىرى قىلسىمۇ خەندە،
ئەقىدە قۇياشىم تۇرىدۇ پارلاپ.
يادائىڭغۇ ئىستەكنى ئەيلەيدۇ بايان،
خازانلىق يولدىكى تەنھا ئورۇندۇق.
غورۇلداپ چېكەمنى مۇزلاتسا سوغۇق،
يەنىلا تومۇزدا كۆۋەجەيدۇ قان.
تىترەڭگۇ قولۇمدا ئېچىلمىغان خەت،
ئېچىشتىن قورقىمەن ئۇنى ئاھ، ئەبەد،
بىلىمەن، ئايرىلىپ كېتىمىز چوقۇم.
شۇقەدەر ئەخمەقلىق قىپسەن ئاخىر،
ئوقۇسام كەچمىشنى ۋاراقلاپ بىر – بىر،
كۆرمەيلا قال ئەمدى يىغلىسام يۇم – يۇم.

2

ھىدىڭنى چايقىغان سابالار جامى،
لېۋىمنى كۆيدۈرۈپ ئۆتتى سەھەردە.
بىر غېرىب مىسكىنمەن بۇ يات شەھەردە،
كۆتىمەن كىمدىندۇر سۆيگۈ سالامى.
مېڭەمنى قوچىسا توپلەي ئاۋازى،

ئالدامچى ھېسلارغا ئۇمتۇلەر يۇرەك.
ھېچكىم يوق بىكەتتە ئۆزۈمدىن بۆلەك،
قاپلىغان ھەريانىنى جىمجىتلىق سازى.
ئاسماندا يۇلتۇزلار پارلايدۇ ئوماق،
بىلمىدىم مەن بۇدەم مەستمۇ ۋە يا ساق.
ئۇزىدى شۇ يەڭلىك تالاي ـ تالاي كۈن،
ۋاقتىنىڭ سىرتىدا ياشاپ خىيالەن.
سىردىشىپ تاشلاندۇق ئارزۇلار بىلەن،
يامرىدى قەلبىمدىن ئاچچىق ـ ئاچچىق ئۈن.

3

بۇ ئىدى ياپراقلار سارغايغان پەسىل،
گۈلگىن ياز پەسلىگە ئېيتىپ ئەلۋىدا.
بەختىيار چاغلاردىن بوپ ئەمدى جۇدا،
ئايلاندى گوياكى قەبرىگاھقا دىل.

بۇ ئىدى سېنتەبىر سۆيۈملۈك دىلدار،
ئاڭلىماس ھېچ كىشى ئۆكسۈشلىرىمنى.
سۆيەرمەن سەن كەبى يەنە ئاھ كىمنى،
ئۇزۇلسە بىمەزگىل كۈي ئەۋجىدە تار.
ئاداققى كۈيۈم بۇ، ئاداققى ناخشام،
ئوقۇدۇم بىز مەڭگۇ خوشلاشقان ئاخشام.
دەل تۈنجى ئۇچراشقان جايدا بىتەخىر،
كۈتىمەن،كۈتىمەن كۆزلىرىمدە ياش.
دۇنيانى يەلكەمدە قىلغانچە ھاپاش،
قاچانمۇ كېلەر دەپ قۇتلۇق سېنتەبىر...

# چۈشلىرىڭ دۇنياسى ئىقبالنىڭ تېگى

چۈشلىرىڭ دۇنياسى ئىقبالنىڭ تېگى،
ئۈخلىغىن ئومىقىم، ئۈخلىغىن ئاستا.
شەجەرە سۆزلەيدۇ يۈكسەك ئىنتىلىش،
ئەھ، غۇنچە لېۋىڭگە تامدۇرۇپ ناخشا.

شالدىرلار ئورمانلار، بالقىيدۇ ھۆر ئاي،
يېيىلىپ كەلمەكتە ئاقۇچ رەڭ تۇمان.
بىر تاتلىق ئۇيقۇدا مەستۇرسەن كەبى،
گۈزەللىك ۋەسلىگە تويۇنغان جاھان.

چۈشلىرىڭ دۇنياسى ئىقبالنىڭ تېگى،
سەن ئۇندا كۆرىسەن ئۆزۈڭ مارىستا.
سەن ئۇندا كۆرىسەن سامان يولىنى،
ئۈخلىغىن ئومىقىم، ئۈخلىغىن ئاستا.

# شوخ باللارغا

شوخ بولغۇم بار باللار، شوخ بولغۇم بار،
قېتىلايچۇ مەنمۇ بېرىپ ئاراڭلارغا.
ئۇنتاي بىر پەس بۇ دۇنيانىڭ غەلۋىسىنى،
داخىل بولۇپ ئاچچىق ـ چۇچۇك پاراڭلارغا.

شوخ ئىدىمغۇ مەنمۇ بىر چاغ سىلەر كەبى،
يۇلتۇزلارغا سالغا ئېتىپ تىرىكتۇرگەن.
كىرپىك قاقماي تۇن تەڭگىچە بوۋامنىمۇ
چۆچەك ئېيتىپ بەرگىنە، دەپ زېرىكتۇرگەن.

مەن باسمىغان ئورمان ـ دالا قالمىغان ھېچ،
مەن كەچمىگەن دەريا ـ ئۆستەڭ تېپىلمايتتى.
مەن ئۇچۇنلا يارالغاندەك ھەممە نەرسە،
ئوينىمىسام كۆڭلۇم يايراپ ئېچىلمايتتى.

دوستى ئىدىم پادىلارنىڭ، قومۇشلارنىڭ،
دوستى ئىدىم ھەتتا قارغا، چۆمۈلىنىڭ،
كۈچۈكۈمنى ئەگەشتۇرۇپ چېپىپ كەتسەم،
تۇيۇلاتتى ھەتتا ئاسمان، ئۆپۈق مېنىڭ.

يىللار ئۆتكەن ئويناپ ـ كۈلۈپ باللىقتا،
چوڭ بولۇپلا يوقاتتىمغۇ شوخلۇقۇمنى.
گاڭگىرىدىم بۇ ھاياتلىق ئۆتىڭىدە،

بىلەلمەستىن جاھاندا بار ـ يوقلۇقۇمنى.
شوخ بولغۇم بار بالىلار، شوخ بولغۇم بار،
قېتىلايچۇ مەنمۇ بېرىپ ئاراڭلارغا.
قايتمىسىمۇ بالىلىقنىڭ شاۋقۇنلىرى،
داخىل بولاي ئاچچىق ـ چۈچۈك پاراڭلارغا...

# يادىمدا ھەرقاچان شۇ يىراق قىشلاق...

يادىمدا ھەرقاچان شۇ يىراق قىشلاق،
يادىمدا دەريانىڭ شارقىراشلىرى.
بۈككىدە ئورماننىڭ تارغاق قىپ ئاينى،
سۈپسۈزۈك ئايدىڭدا چاچ تاراشلىرى.

بىلمەيتتىم ھاياتنىڭ كۈلپەتلىرىنى،
ئەتىدىن ـ كەچكىچە تالچىۋىق مىنىپ.
يىتەتتىم ئۇپۇققا، بىچارە ئانام
قالاتتى ئارقامدىن ھەسرەتلىك تىنىپ.

يادىمدا ھەرقاچان شۇ يىراق قىشلاق،
يادىمدا بالىلىق سالغان ئىشتىياق.
بىر تاتلىق چۈش بولۇپ قالدى ھەممىسى،
ھاياتتىن، سۆيگۈدىن تارتقاندا پىراق...

# نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئېشىكى

دۇنيادا ئېشەكنىڭ خىللىرى تولا،
ياخشىسى سىز بېرىپ بېدىكتىن سوراڭ.
نەسىردىن ئەپەندى مىنگەن شۇ ئېشەك،
بىلمەيمەن ئۇ قانداق ئېشەك ئىكەن تاڭ.

كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ يەتتە ئادەمنى،
چېپىشى گوياكى شامالدۇر شامال.
پادىشاھ لەت بولدى ئۇنىڭ ئالدىدا،
بۇ ئىشتىن بارچىنىڭ ئەقلى قالدى لال.

ئۇ نېمە يەيدىكەن ئۇزۇقلۇقىغا،
گۆشنانمۇ ۋە ياكى سىرلىق يەم ـ خەشەك.
بىز بۈگۈن بۇ سىرنى يەشتۇق ئاخىرى،
ئۇ ئىكەن ئادەمدىن ئۆزگەرگەن ئېشەك!

# ئون ئالته ياشلىق قىز

بىر چېچەكسەن، ناۋات رەڭ چېچەك،
بۇ دۇنيانى كۆرىمەن سەندىن.
سۆيۈملۈكتۇر ھەممىلا نەرسە،
سۆيگۈ تەلەپ قىلىدۇ مەندىن.

بىر چېچەكسەن، ناۋات رەڭ چېچەك،
ئىپار ھىدلار تۇرغان پۇرۇتۇپ.
بۇلبۇل ئەمەس، ئوتلۇق كۈيلىرىم،
ياشلىرىڭنى قويغان قۇرۇتۇپ.

بىر چېچەكسەن، ناۋات رەڭ چېچەك،
باغلار ئىچرە يېگانە، تەنها.
تۇرساڭمۇ گەر كۈندە سۆيۈلۈپ،
سۆيگۈ نىمە بىلمەيسەن ئەسلا.

بىر چېچەكسەن، ناۋات رەڭ چېچەك،
بەرگىلىرىڭگە قونمىغان توزان.
چەك ـ چېكى يوق سېغىنىش بىلەن،
شائىرىڭغا بېغىشلايسەن جان.

# سېغىنىش

كەتكەنىمىتىڭ مەڭگۈ كەلمەسكە،
كۆرۈنمەيدۇ يوللارنىڭ چېتى.
قېرىغاندۇ بەلكىم بۇ دۇنيا،
ئەسلىمىلەر تۇرار ياش پېتى.

تاغلىرىمنى باستى يەنە قار،
كەلمەي تۇرۇپ قەلبىمگە باھار.
سۆكۈتلەرگە ھامىلىدار ئۈمىد،
كىرپىكتىكى ياشتەك يالتىرار.

بۆشۈكتىكى مەسۇم بوۋاقتەك،
سايلاق يېزام كەتكەن ئۇيقۇغا.
مەنلا قالدىم سېغىنىش بىلەن
چۆككىنىمچە قىرتاق تۇيغۇغا.

سانجاق ـ سانجاق يۈلتۈزلۇق تۈندە،
سېغىنىمەن سېنى، ئاھ، سېنى.
«بارمۇ يەنە بارمۇ بوش ۋاقىت،
ئۇنتۇپ كېتەي دېسەم ھەممىنى...»

# سىڭلىمغا

مەن ئىسمىڭنى يادلىغان كېچە،
ساقىپ كەتتى نۇرانە يۇلتۇز.
كۆرۈپ تۇردۇم خىيال كۆزۈمدە،
باغلىرىڭنى قۇچاقلىدى كۇز.
خاتىرەمنىڭ ئاخىرقى بېتى،
تولدى سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن لىق:
يازالمىدىم باشقا ھېچنېمە،
بولدى پەقەت ئاچچىق ئەسلىمە،
غەمسىز ئويناپ ئۆتكەن بالىلىق.
سەن چېچەككە ئايلاندىڭ گويا،
كۈز پەسلىنى يۇدى كەلكۈنىڭ.
تاغلىرىمنى سالدى لەرزىگە،
ئاكا،دېگەن ھەسرەتلىك ئۈنۈڭ.
كىم ھەيدىگەن قىسمەت چەرخنى،
ئۆزگىرىپتۇ زەپمۇ تۇيۇقسىز.
بوپتۇ بۇكۈن چۇمبەللىك ئايال
تۇنۇگۇنكى مەسۇم ئوماق قىز.

كائىناتنى يورۇتقان قۇياش،
ساڭا كېلىپ ئۆچۈپتۇ ئەجەب.
چىقالمايسەن ئەمدى ئالدىمغا،
بۇرۇنقىدەك كۈلۈپ ـ ئەركىلەپ.

# تەنهالىقتىن قېچىش

قارا كۆزلەر ئۇچۇپ كىرەر قارا كېچىگە،
خۇۋلاپ تۇرار روھىم بۆرىسى،
خىرە نۇر يېنىپ تۇرغان دېرىزە تۈۋىدە.
ئابابەكرى، دېگەن بۇ ئاددىي ئىسىم،
سەۋەب بولالمايدۇ ھېچبىر نەرسىگە.

ئاڭلا سۆيۈملۈكۈم:
«شائىرلىق ئاداققى قۇتۇلۇش يولۇم»،
تەنهالىق مەڭگۈ تىلسىم چەمبىرەك.
قوم دېڭىزىنىڭ ئۆركەشلىرىدە،
كۆمۈلۈپ قالغان بېلىقتەك گويا.
شۇ ئۆلۈم كېمىسىنىڭ لەڭگىرى،
قىرغاق يۇتۇپ كەتكەن تۇتىمدىن دېرەك.

قاچقۇملا كېلىدۇ ئادەم توپىدىن،
قاراقچى قاچقاندەك قوۋمنى تاشلاپ،
يايلاقلار نەقەدەر گۈزەل،
تاغلار نەقەدەر گۈزەل،
چۈنكى تەبىئەت ماڭا يېقىن ئۇ يەردە.
ھەربىر رېتىم
ھەربىر رەڭ
قېنىمغا بىرىدۇ مەڭگۈلۈك لەرزە.

ئۆزۈمنى ئوقۇيمەن يېنىش - يېنىشلاپ،
چېكىتلەر مېنى يىغلىتار،
ئۈندەشلەر مېنى گاڭگىرىتار،
پەشلەر قايمۇقتۇرار،
سوئاللار تىترىتەر ھەقىقەت كەبى.

شائىر بولۇپ قالسا دەرەخلەر،
ئۈچىدۇ... ئۈچىدۇ قەغەز ئۈستىدە.
چۆچەكلەر توقۇيدۇ تەنھالىقىغا،
تىكىدۇ ۋە ئۇنى توختىغان يەرگە.

شۇنچە ئېغىر ھەرپلەر نەھرى،
سۆرەپ كېرەر ئۇنىمىساڭمۇ،
تەنھالىقىنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا.
بۇ قىيناشنىڭ دەھشەتلىرىگە
چىدار بەلكىم مەن بىلگەن روھ...



# قۇشنامە

كۆيۈۋاتقان قۇشلار
يۇرەك رەڭگىدە
يازماقتا كۆزۈمگە تەرجىمىھالىمنى.
كۆيۈۋاتقان پەرۋاز
ئاسمان كىرپىكىگە ئاسار مارجانلار.
گۆدەكلىك ـ بۇ ئاددىي ئەسلىمە،
قاچقان ئۇنى چوقۇلاپ ئېلىپ،
ئاشۇ قۇشلار يىگىتلىكىمدە.
قار ياغىدۇ بۇگۈنمۇ يەنە،
قۇش ئارىلى بۇ شەھەر،
بېلىگە ئاق باغلار مەغلۇبىيەتتىن.
بۇزۇلغان ئۇۋىلار، ئاپپاق قاناتلار،
كۆزۈڭگە سانچىلار تەرەپ-تەرەپتىن.
بىنالار جىم تۇر،
توختىغىن يوللار،
ۋاقىت سەن قۇش كانىيىدىن،
ئۈزۈلۈپ ئېيتىلغان تاۋۇش بولۇپ قال.
قۇياش سەن بېشىمدىن كەتكىن يىراقلاپ،
گۇناھلار روھىمنى ئۆتكۈچە تالاپ.
دۆڭ كۆۋرۈك
مەن سېنى ئىسسىتىپ قوياي بىر قېتىم،
سەن ئۆچۈن يېزىلغان شېئىرىمنى قالاپ...

# خەير ـ خوش، باللىق

بىلەلمەيمەن سۆيگۈ سىرىنى،
خۇددى سەندەك، خۇددى سەندەكلا.
سەنمۇ ئاخشام ئىدىڭ بىر گۆدەك،
خۇددى مەندەك، خۇددى مەندەكلا.
باقتى كۈلۈپ ئون توققۇز كۆكلەم،
خۇددى سەندەك، خۇددى سەندەكلا.

يېتىرقاشتا تىكىلسەم ئۇزاق،
يەم بولىمەن جەرەن كۆزۈڭگە.
بىلمەيسەن ئاھ شىتىلە قىزچاق،
رام قىلىسەن مېنى ئۆزۈڭگە.
سەنلا مېنىڭ بولساڭ يېنىمدا،
يەم بولىمەن جەرەن كۆزۈڭگە.

چوڭ بولۇشنى خالىمىسامۇ،
ئون توققۇزغا قالدىم مەن كىرىپ.
مۇز ئىچىدە پارلاپ زەر قۇياش،
تەنتەكلىرى كەتتىغۇ ئېرىپ.

شۇنداق، شۇنداق بەكمۇ تۇيۇقسىز
ئون توققۇزغا قالدىم مەن كىرىپ.

# سەن ماڭا خوش دېمەي كەتكەن شۇ كېچە

ئۇنتۇلغان ئېڭىمدا كۆيۈك يارىسى،
بىر دەملىك بەزلەنگەن تۈيغۇدىن ياشناپ.
بىراق سەن خوش دېمەي كەتكەن شۇ كېچە،
تاشلىدى قەلبىمگە ئاچچىق ئىزتىراپ.

تۇمانلار يالمىغان دەردلىك تەبەسسۇم،
ياپراقلار مەڭزىدە قالغاندەك ئۇگدەپ.
چىللايتتى ئاھ شۇنچە يىراق بىر كۇيىنى،
ھىجرانلىق كۇنلەرنى سۆيۈشكە ئۇندەپ.

سۇتتەك ئاق پەسلىمدىن ئۇچتى تەنھا قۇش،
يۇلتۇزلار چېچەكلەپ كەتكەن ماكانغا.
شۇندىمۇ سەن كەتكەن ئاشۇ كېچىنى،
ئۇنتۇشۇم چۇشىمدى زىنھار ئاسانغا...

# نە ئۆچۈن بولمايسەن ئۆنتۈلغان بىر چۈش

ياپراقلار مەڭزىدىن سىرغىغان كۆز ياش،
تۇمانلىق سەھەردە يوقالغان ئۆتمۈش.
يوق ئەمدى سېغىنىش، چەكسىز ئىچىرقاش،
قەلبىمگە ھۆكۈمران ئەسەبىي ئۆكسۈش،
نە ئۆچۈن بولمايسەن ئۆنتۈلغان بىر چۈش؟

كىرپىكلەر نۇرلارغا بولالماس سىرداش،
نىگاھلار سېھرىدىن يوقالمايدۇ ھوش.
يىتتى ئاھ سۆيگۈمنى يورۇتقان قۇياش،
ئۇ گويا زۇلمەتكە بەنت بولغان قۇش،
نە ئۆچۈن بولمايسەن ئۆنتۈلغان بىر چۈش؟

چۈشەندىم ئىكەنغۇ باغرىڭ شۇنچە تاش،
كېپىنەك خۇلقىڭدىن بولغاندا خامۇش.
ھەركىمگە ھەرخىلدا ئۇراركەنسەن باش،
يوق ئىكەن سېنىڭدە پاك، ۋىجدان نومۇس،
نە ئۆچۈن بولمايسەن ئۆنتۈلغان بىر چۈش؟

بولمىدى سېنىڭدە قىلچىلىك ئاياش،
دېمىدىڭ ھەتتاكى ئايرىلساڭمۇ «خوش».
مەن سېنى بىلگەنگە مەڭگۈلۈك قاياش،
قاي قىسمەت قوينىغا تاشلار بۇ تۇرمۇش؟
نە ئۆچۈن بولمايسەن ئۆنتۈلغان بىر چۈش؟

# غېرىب شەھەر

چۈشلىرىمگە كىرىدۇ پات ـ پات
غېرىب شەھەر ۋە غېرىب قىزچاق.
بېكەتتىكى بارلىق يولۇچى
مەن بوپقالسام بىر كۈنلەر كېلىپ.
كىملەر شۇچاغ قويار ئۈزىتىپ،
كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ؟

دىلخانەمگە ئېقىپ كىرسە گەر
يىراقلاردىن ئىللىق تەبەسسۇم.
«ئەلۋىدا»دەپ سوغۇق دۇنيادىن
خوشلىشىمەن ئۈن ـ تىنسىز چوقۇم.

ئادرېسىمنى يوقاتتىم تالاي،
مەن كىم زادى،كەلدىم قەيەردىن؟
كەتمەكچىمەن شۇڭا يېنىمغا
كۆز يېشىمغا چۈمگەن شەھەردىن.

چاقىرىدۇ توپ ـ توپ پادا ھەم
جاڭگالدىكى يالغۇز ئاياغ يول.
ئوماققىنا ياۋا چېچەكلەر
كۆلۈمسىرەپ تەڭلىشىدۇ قول.

تاقىلدىغان پويىز ئاۋازى
بارا ـ بارا كېتەر يىراقلاپ.
مەن ئۆزۈمنى ئۇزاتماق بولۇپ،
قالىمەن يەنە ئۆزۈمنى ساقلاپ...

چۈشلىرىمگە كىرىدۇ پات ـ پات
غېرىب شەھەر ۋە غېرىب قىزچاق.

# بۇلبۇل

گۈللەر ئېچىلمايتتى شۇ ماكاندا،
ئېچىلدى ئۇلار
سېنىڭ كۈيلىرىڭنى ئاڭلىغان هامان.

بۇلۇتلار ياش تۆكمەس ئىدى ئاسماندا،
يىغلىدى ئۇلار
سېنىڭ كۈيلىرىڭنى ئاڭلىغان هامان.

قەپەس ياساش ئويى يوقتى ئىنساندا،
ئەمما قەپەس ياسىدى ئۇلار
سېنىڭ كۈيلىرىڭنى ئاڭلىغان هامان.

# ۋەتەن

نويابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنى،
ئەت يىلىنىڭ تۇگەنچىسىدە،
شائىر مەن، دەپ يۈرگەن دەردمەنگە،
ئاقار يۇلتۇزنىڭ ئۆچكەن سايىسى،
كۈلكىسىنى قىلدى سەدىقە.
كەلمىسىمۇ خەت،
سۆيگەن ياردىن،
خەۋەر كەلدى بىر سەييارىدىن،
تاپىنى ئاستىغا كۆمۈلگەن ۋەتەن،
يۈرىكىدىن قالدى تېپىلىپ،
جۇدالىقنىڭ ئوقى ئېتىلىپ.
ۋەتەن، دېگەن زادى نېمە ئۇ،
بۇ سوئالغا بەردى ئۇ جاۋاب.
قاقشال بولغان ئالما شېخىدىن
يوپۇرماقلار چۈشكەندە ئاجراپ.
ۋەتەن
چەكسىزكەتكەن يول.
يۈرىكىڭدىن باشلانغان،
يۈرىكىڭدە ئاخىرلاشقان ھەم.

# ھىجران سونېتلىرى

1

مەن غەيرىي دۇنياغا تاشلىدىم ئاياغ،
نېچۇنكى بۇ بېشىم ئېگىلدى پەسكە.
خىيالچان تۇرقۇڭنى ئالغاندا ئەسكە،
ئاھ يەنە بىلمىدىم بېرىشنى قاياق!
شەلۋەرەپ ئېچىشتى تاشلاندۇق ۋەدە،
مۇز بولۇپ قاتقاندا ئالدامچى ئۆپۈك.
ئۇ تەنتەك ھېسلارنى ئەيلىدى كۆپۈك،
ئۇقمايمەن تەمتىرەپ يۈردىكىن نەدە؟!
ئۇنتۇلساڭ بولاتتى قەلبىمدە پاتراق،
بۇ ساختا مۇھەببەت قىلمىسا ئەخمەق،
ھەقىقىي سۆيۈلۈپ باقسام بىر قېتىم.
ماڭسام ھەم قۇياشقا ئالدىمنى قىلىپ،
سۆيگۈ ماكانىغا مەڭگۈ يول ئېلىپ،
سامانچى يولىدا سويلىسا ئېتىم!

2

سامانچى يولىدا سويلىسا ئېتىم،
يىرتىلغان ياستۇقتىن ئۇچسا كېپىنەك
ناشۇد تۈيغۇلارغا بولمىسام مەلەك،
ئارزۇلار كۇلبەمنى قويمىسا يېتىم.
تىترەڭگۈ نەپەستىن ئۇزۇلەر تاۋۇش،

نىگاھلار قادالسا بولۇپ مىلىڭ ساداق.
شارابخور مەخلۇقمەن، يۈرەلمەيمەن ساق،
ئاشۇ دەم ئىلكىمدىن يوقىلىدۇ ھوش.
سىنىڭسىز ھاياتتا سەزسەم زىمىستان،
ئازابلار تىغ ئۇرۇپ يانچىلىدۇ جان،
ئارامۇ ھۆرلۈكتىن بولىمەن جۇدا.
ئىھ تۇنجى مۇھەببەت رومكامنى چىقىپ،
ياش تولغان كۆزلىرىم ئارقاڭدىن بىقىپ،
شۇ شاللاق ئىسمىڭنى يادلايمەن ئۇدا...

3

شۇ شاللاق ئىسمىڭنى يادلايمەن ئۇدا،
كەتسەممۇ نەچچە رەت مەڭگۈ ئۇنتۇلۇپ.
سەن سۆيگۈ قەسرىڭگە سالساڭمۇ قۇلۇپ،
مەن ساڭا ئىپتالماي يۈردۈم ئەلۋىدا.
بىر گۆدەك بالىغا ئايلاندى دۇنيا،
ئۇن - تىنسىز كۈتۈشتە،ھالسىز سۈكۈتتە.
ئۆزۈمنى بەزلەيمەن نىچۇن ئۈمىدتە،
سەن نىجاتكار بولغاندەك گويا.
مەن غەيرىي دۇنياغا تاشلىدىم ئاياغ،
سىنىڭدىن كىچەلمەي قالدىم ئاھ بىراق.
گۈللەرنىڭ مەڭزىدە ئۇيۇپ قالدى قان...
بىر گۈزەل مەھۇبنىڭ قۇچۇپ ۋەسلىنى.
يۈرسەممۇ سەيلىتىپ سۆيگۈ پەسلىنى،
شۇندىمۇ قەلبىمگە بولدۇڭ ھۆكۈمران.

# تانسكەش قىز

بەك ئاددىي بىر ئىشتۇر تانسخانىدا،
ئەي قىزچاق ھودۇقماي قولۇڭنى تۇتۇش.
ھەننىۋا مۇلكۇڭنى مېنىڭ بولسا دەپ،
شەھۋەتخور قەلبىمگە ئاچچىق دەرد يۇتۇش.

كۆزلىرىم كۆزۈڭنى غاجاپ تويمايدۇ،
قالغۇچە سېنىڭدە قۇرۇق ئۇستىخان.
نەقەدەر بەختلىك ئۆلەتتىم بۇ كەچ،
لېۋىڭدىن جاي ئالسا قۇشتەك ئۇچۇپ جان.

پىرقىراپ - پىرقىراپ قايغاندا بېشىم،
كۆكسۇڭگە يىقىلغۇم كېلىدۇ ھالسىز.
ھاياتنى مەسخىرە قىلغىنىم شۇدۇر،
سەنئەتكە بەرگىنىم ھەمدە تەخىرسىز.

تۇگىدى تانسىمۇ، تۇگىدى ھەممە...
تۇگىدى يۇرىكىم كۆيۇپ گۇرۇلدەپ.
مۇزلىغان كوچىدا بىر ئۆزۈم تەنھا،
كېلىمەن كېچىنىڭ تېنىنى سۆرەپ.

# مۇھەببەتسىز ئۆلۈش

شىكەستە يۈرەكتە كۈلگەن نىلۇپەر
ناھاتكى رەڭلىنەر بەرگىلىرىڭدە قان،
تومۇردا ئاققىنى چىرىگەن جەسەت،
جەسەتكە لىق تولغان بۇ تەن - گۆرۈستان.
قارىچۇقتىن ساڭگىلاپ تۇرار ئاي نۇرى،
كۆكۈش ئىس ئۆرلەيدۇ كۆكرىكىم ئارا.
مېڭەمدىن قوغلانغان مايماق تەسەۋۋۇر
خارابە دۇنياغا ئەيلەر مەرھابا.

مەززىسىز سۆيۈشتىن قاغجىرىغان لەۋ،
ئۆلۈمنىڭ ھىدىنى پۇرىتار ھامان.
ھېچكىم يوق... تۇرىمەن غەيرىي شەكىلدە،
ئىشىكىم ئېچىلغان يەنە سەن تامان.

بوغۇزلاپ تاشلاندى ئاداققى چۈشۈم،
قەدەھتە تۇرىدۇ ياشلار كۆۋەجەپ.
بۇ قانداق قاغجىراش، بۇ قانداق ھايات؟
ئۆلۈممۇ تەسەللى بېرەلمەس ئەجەب...

# يامغۇردىكى سىغىنىش

يامغۇر ياغدى، ياغدىڭ سەن گويا،
ئەسلىمەمگە ئاچچىق ياش بولۇپ.
چەكسىزلىككە پارچىلانغان تەن،
قارىچۇقۇمدا تۇرار يۇيۇلۇپ.

يامغۇر ياغدى، ياغدىڭ سەن گويا،
يالقۇنىڭدىن كۆيدى ئىچىرقاش.
يۈرىكىمدىن قاڭقىغاندا مەن،
ئالىقىنىمدا يارىدار قۇياش.

يامغۇر ياغدى، ياغدىڭ سەن گويا،
سىغىنىشىڭ كوچىنى نەمدەر.
خىيالىمدا لەيلەر گىرىمسەن،
كۈنلۈك تۇتقان بارچە ئادەملەر...

# سەن غەرق بولغاندا شېرىن ئۇيقۇغا...

سەن غەرق بولغاندا شېرىن ئۇيقۇغا،
ياتىمەن ئالدىنى يوردۇم چۆرگىلەپ.
ھېلىلا ئېچىلىپ تاقالغان ئىشىك،
توپۇقسىز ئالدىمغا چىقارمىكىن دەپ.

ئىچىمگە لىق تولدى موخوركا ئىسى،
ئىچىمگە لىق تولدى تەلۋە ھاياجان.
بىلىمەن، ئەتىلا كېتىسەن جۆنەپ،
بىر ماڭا قالىدۇ جىلۋىسىز جاھان.

سەن تۇرغان ئۆڭ يېنىم ئەگىگەن كۆك،
قايرىلىپ باققاندا كۆرۈنمەس جىلۋەڭ.
ئاھ، سېنى مەڭگۈگە كېچىكىپ سۆيۈش،
كۆلپىتىم، ھەسرىتىم ھاياتىمدا ئەڭ.

سەن غەرق بولغاندا شېرىن ئۇيقۇغا،
ياتىمەن ئالدىنى يوردۇم چۆرگىلەپ.
تىلىدىم، چۈشۈڭگە كىرەي بىر قېتىم،
تىلىدىم، مەڭگۈگە تاڭ ئاتمىسۇن دەپ...

# جۇدالىق يادنامىسى

1

يۇلتۇزلارنىڭ كىرپىكىدە نەم،
ياپراقلاردا ئۇخلار خىرامان.
چۇش قوينىدا تىترەيدۇ بۇدەم،
ئاقۇچ تۇمان قاپلىغان ئورمان.
گىرىپ كۆڭلەك كىيگەن ھىلال ئاي
چاچ تارايدۇ زۇمرەت بۇلاقتا.
نازۇك دىلنى ئۆرتەپ توختىماي،
تەمبۇر كۈيى ياڭرار يىراقتا.
خىرە - شىرە يانغان دېرىزە
نۇرغا چۇمكەر قىزنىڭ ئەكسىنى،
قاناتلىنار بىر بۈيۈك ئارمان.
شىۋىرلايدۇ: «كۈتتۈم كۆپ سېنى،
ئاھ، ئاداققى دەملەردە يەنە،
لەۋلىرىمگە سۆيگىن قەدىردان.»

2

شىلدىرلايدۇ ئويچان قومۇشزار،
تىترەك قەدەم باسقاندا ئالغا.
بارماقلاردا چېكىلمەيدۇ تار،
تۇتقۇن بولۇپ مۇدھىش خىيالغا.
رەيھان پۇراق چاچقان ھويلىدا،
ئوقۇلماقتا نىكاھ پەتىسى.

تولا ئۆچقان سەھرا يولىدا،
غىچىرلايدۇ تۈينىڭ مەيىسى.
توزۇپ بارار غۇبارسىز ياشلىق،
قارا بوران سوقغان چېچەكتەك،
ئىچ ئاغرىتماس ئاڭا ھېچ كىشى.
تۈيۈلىدۇ گويا چۆچەكتەك،
يىگىت ئۆچۈن بۇ باغرى تاشلىق،
ئاقار تىنماي ئاچچىق كۆز يېشى.

3

دىلبەر كېچە جىمجىتلىقىدا،
ئاقار ئۆستەڭ سۇلىرى ئويناق.
غىل - پال تىۋىش سەزگەندە ئۇدا،
زەنجىر تارتىپ قاۋايدۇ بويناق.
يالپۇز پۇراپ تۇرغان ئانا يەر،
كۆرۈنىدۇ شۈنچىلىك ساھىپ.
ئاھ، بىر سايە سىلكىنگەندەك پەر،
قاياققىدۇر بولىدۇ غايىب.
داۋام قىلار ئەسەبىي جىملىق،
خانە ئىچرە ئۆكسۈش ۋە خورەك
سۈكۈناتقا بولۇۋالغان خان.
مەھكۇملۇقنى قىلغاندەك كۆرەك،
تىلغىنىدۇ ياپيېشىل چىملىق،
بارماقلاردىن تامچىلايدۇ قان.

4

يەنە مۇڭلۇق تەمبۇر ساداسى،
يەنە ئاشۇ قەدىمكى ئورمان.

چىلىلىماقتا پاكلىق پەرىسى،
بوشلۇقلاردا لەيلىتىپ تۇمان.
قاڭسىق لەۋدىن يىركەنگەن ۋۇجۇد
تار چىمىلدىق ئىچىدە غېرىب.
مىسكىن دىلدا چاقنار بىر ئۇمىد،
ئۇچسا چەكسىز تۇماننى يېرىپ.
بارسا ئاشىق كۈيلىگەن يەرگە،
قۇچاقلاشسا يېيىپ كەڭ قۇچاق،
ھىجران ئۇچۇن ئەپكەلسە ماتەم.
سەبىيلىكتە ياڭراتقان قوشاق،
ئارمانلارنى چۈمكىسە زەرگە،
سېخىيلىقنى كۆرسەتسە ھاتەم.

5

چۇرۇقلىشار قۇشلار تىنىمسىز،
قاپىسماقتا ئەتراپنى گۈگۈم.
كۆكتە كۆل رەڭ بۇلۇتلار ئۈنسىز
خىيال قىلار يىغلاشنى يۇم-يۇم.
ساھىل تامان ئۇچقان شامالار
ھەسرەت كۈيى ئەپكېلەر بويان.
دولقۇنلارنى قىپتۇ ئارامگاھ
پەرىشتىدەك بىر گۈزەل جانان.
خادا تاشتا چېقىلغان تەمبۇر
كۆزگە بىرە قالار تاشلىنىپ،
يىگىت پەستە بىھوشتۇر ھامان.
دەريا ئاقار ھەسرەتلىك تىنىپ،
پەرۋايى يوق باشلىماقتا خور،
ھاراقكەشكە ئۇلپەت مەست جاھان...

# بېلىق

ئاھ، كىچىكسەن ۋە مەندەك نادان،
دېڭىزدىكى ئەي مەسۇم بېلىق.
دولقۇنلارنىڭ ئاراشلىرىدا،
زۇمرەت سۆيگۈڭ قالدى يېپىقلىق.

ئون بەش ياشتا تاشلىدىم قارماق،
چالغىپ چىقتى ئاچچىق كۆز يېشىڭ.
مەست كېمەمنى ئازدۇرغان ماياك،
بولالمىغاچ مەڭگۇ سىرداشىڭ.

ساقىلىمغا ياماشتى قۇياش،
كۇتۇشلەرنىڭ ساھىللىرىدا.
سەن جان ئالغۇچ سۇلكىتىڭ بىلەن،
كىملەر سەنچۇن جېنىدىن جۇدا

قەبرەم لەيلەپ چۆكتى قەلبىمگە،
چۆكتى گويا مەغرۇر قورام تاش.
دەردكە ئۇۋا ماموق تەنلىرىڭ،
پەقەت ئۇنى ئەتمىدى باغاش.

ئون بەش ياشتا تاشلىدىم قارماق،
ئاھ، بىلمەيمەن، تۇتتى سېنى كىم.
گەر ئۆزگىگە بولساڭمۇ سىرداش،
سەن يەنىلا مېنىڭ بېلىقىم...

# نورۇزنامە

كۆك تەرگىلى چىقتى كېلىنچەك،
بىنەمدە كۆك، قىردا بايچېچەك.
يېشىللىققا سىڭدى يامغۇردەك
يېشىللىقنى سېغىنغان يۈرەك.

لەگلەك سۆرەپ چىقتى بالىجان،
ئويۇنچۇققا ئايلاندى ئاسمان.
قانىتىغا قىسىپ يۇلتۇزنى
لەگلەك ئەمەس ئۇچتى بىر ئارمان.

قۇشلار بەزمە قۇرغان چىمەندە،
تا كەچكىچە قىلىشار خەندە.
هاياجىنى چىڭدالغان تۇپراق
غايىب بىر كۈچ ئۇرغۇتار تەندە.

دېهقان ئەنە چۆمۈلۈپ تەرگە،
تەرگە ئەمەس، چۆمۈلۈپ زەرگە.
نورۇزدىكى ئېسىل شېئىرنى
كەتمەن بىلەن يازماقتا يەرگە.

مەنمۇ دېهقان، ئېتىزىم ـ سىنىپ،
شۇ ئېتىزدىن كەتمىدىم تېنىپ.
هۇزۇر تاپتىم كۈلسە مايسىلار،

مەن باشلىغان ئەگىزگە قېنىپ.
چەشلىگەندە ئېتىزدىن خامان،
داندىن تولا چىقتىغۇ سامان.
بىر ھېكمەتنى ئۆگەتتى تارىخ،
مىڭ ئوق ئاتار بولسا بىر كامان.

نورۇز كەپتۇ، ئارقىدىنلا ياز
تەبىئەتكە سېلىپ پايانداز.
نورۇزغىمۇ، خەلقىمگىمۇ ھەم
ئالغىنىمدىن بەرگەنلىرىم ئاز.

نورۇز كەپتۇ، ئۆمۈر بېتى ئاق،
ھايات يەنە ئالار كۆپ سىناق.
ھەربىر كۈنۈڭ ئۆتسۇن نورۇزدەك،
بولسۇن قۇياش مەڭزىڭگە زىناق!

# تەۋپىق قەبرىسىگە يادنامە

ئادەمگە ئارتۇقچە بىر ئەسىر ياشاش،
بىر ئەسىرگە تەڭدۇر ئوتتۇز ئالتە ياش.
مۇزلىغان زېمىننى ئىللىتقان نېمە؟
قەبرىگە كۆمۈلۈپ ياتقان شۇ قۇياش!

# تۇغۇلغان كۈنۈم

بۇ شۇنداق بىر كۈنكى، قارلار ياغىدۇ،
ئەمما زىنھار بېسىلمايدۇ ئىز.
دىماققا ئۇرۇلار باھارنىڭ ھىدى،
ئەمما باھار كەلمەيدۇ ھەرگىز.

بۇ شۇنداق بىر كۈنكى، قۇترايدۇ ئىلھام،
ئەمما يېزىلمايدۇ شېئىر ھېچقاچان.
مەندىن شېئىر كۈتكەن تالاي قىزلارنىڭ
خاتىرىسى ئاق قالىدۇ ھامان.

ئۆتمۈش ۋە كېلەچەكنىڭ بوسۇغىسىدا،
پۈۋلەپ ئۆچۈرۈلدى گويا بىر قۇياش.
داۋراڭسىز يېپىلدى ياشلىق ئالبومى،
ئەمدى بىر زۇلمەتسەن ئوتتۇز ئالتە ياش.

# قۇم كىتاب

بارخانلارنىڭ كەينىدە بارخان،
ئاقار، كۆچەر،
توختىمايدۇ ھەم.
بىر چېكىتكە ئايلانغان كارۋان
ئۆز ـ ئۆزىگە ئوخشىمايدۇ ھەم.

قۇياش خۇددى بايراق مىسالى،
قادىلىپتۇ قۇم قەلئەسىگە.
ئاي شەمشەرگە ئايلانغان بۇدەم
قومۇشلارنىڭ كۆكسىدە زېدە.

ئۇيقۇسىنى بۇزار تارىمنىڭ،
كولدۇرمىلار ھارغىن بوقۇلداپ.
بۇ دۇنيانىڭ خەرىتىسىدە،
ئانا ماكان گويا قۇم كىتاب.

ئاچ كۆزۈڭنى ئەما تارىخچى،
يىلتىزىڭنى ئىزدە بۇيەردىن.
قۇم ئەلچىسى كېلەر ئالدىراپ،
مىڭ يىل بۇرۇن ئۆلگەن شەھەردىن.

تىرىلمەكتە شەبنەمدە قايتا،
قۇم كىتابقا پۈتكەن رىۋايەت.
سەندىن چىقىپ ساڭا ئاققاندا،
تونۇغىنىم مەن بولدۇم پەقەت.

# باھاردىكى سېغىنىش

1

لەۋلىرىمگە سۆيەر ئىزغىرىن،
چېچەك ھىدى سىڭگەن شوخ شامال.
باھار كەپتۇ!
دېدىم، كائىنات
گۈزەللىكى قىلغىنىدا لال.
سېغىنىشلا قالغان دۇنيادا،
گۈل ئۈزىمەن بىر ساڭا ئاتاپ.
گۈل ئۈزىمەن، ئەمما يۈرىكىم،
نېمىگىدۇر يىغلار بۇقۇلداپ...

2

تەبەسسۇمىڭ سىڭگەن زىناقلار
بىر كۆرۈپلا مېنى ئوت ئالدى.
شۇ ئوت كۆچتى يۈرىكىمگە ھەم،
تەنتەكلىكىم مەڭگۈ يوقالدى.
بىلدىم شۇندا تۇنجى سۆيگىنىڭ،
تەكرارلانماس شېرىن تەمنى.
بىلدىم يەنە غالىب سۇكۇتتە،
ئايرىلىشنىڭ تېرەنلىكىنى...

3

كەچمىشلەردە ياتار بىر تارىخ،
ئوقۇمىغان باشقا ھېچ كىشى.
كەتكىنى يوق تېخى دىللاردىن،
شېرىن، ئاچچىق ۋىسال تەشۋىشى.
بىر سېنى، دەپ ياشىمىدىم راست،
سەنمۇ شۇنداق ياشىدىڭ بەلكىم.
مەندىن بۇرۇن ئۆلگەن ئەسلىدە،
ئىككى مەھبۇپ سىغقان بۇ قەلبىم...

# تورغاي مەھەللىسى

تورغاي چۇچۇلىماستا كەتتىم مەھەللەڭدىن،
بۇلۇت ئىستىلا قىلغان ئاي قەلئەسىنى.
لەنەتلەر ئوقۇيتتى ئىشىك غىچىلداپ،
ئەمدى كۆرەلمەيمەن دەيتتىم، مەن سېنى...

ھەسرىتا بۇقۇلداپ يىغلىدى بوۋاق،
شۇ يىغا كۆل قىلدى ھەممە ـ ھەممىنى.
قىزىق پېتى قالدى بىر پىيالە چاي،
ئەمدى كۆرگۈم كەلمەس دەيتتىم، مەن سېنى...

ئاسىي سۆيگۈ ئىدى بۇلاپ ئالغىنىم،
ئاسىيلىق گېلىمدىن بوغقان ھەم مېنى.
نۇردەك ئېقىپ ئۆتتى ئەزان ئاۋازى،
ئەمدى مەڭگۈ كۆرمەي دەيتتىم، مەن سېنى...

# قىزلارنىڭ ھىدى

ئەجەب تاتلىق بىر ھىد باركەن قىزلاردا،
ئۇرۇلىدۇ دىماقلارغا گۈپپىدە.
قاراپ قالساڭ تورمۇزلىنىپ قەدىمىڭ،
قىزىرىدۇ ئۇلار چوغدەك ھۈپپىدە.

نېمە سىر بار قىزلادىكى شۇ ھىدتا؟
يۈرەكلەرنى ئوتلۇق ھېسقا ئورايدۇ.
ئەتىر ئەمەس بىلسەڭ ئەسلي ئەي رەپىق،
بۇ قىزلاردىن سۆيگۈ ھىدى پۇرايدۇ.

بۇ قىزلاردىن سۆيگۈ ھىدى پۇرايدۇ،
ھە، شۇڭلاشقا يوللىرىڭنى تورايدۇ.
سۆيگۈ، دېگەن نازۇك ئاشۇ قىزلاردەك،
سەندىن مەڭگۈ مېھىر، ۋاپا سورايدۇ!



# تۇمار ئاستى بوينۇمغا ئانام

تۇمار ئاستى بوينۇمغا ئانام،
كۆز تەگمىسۇن بويلىرىڭغا، دەپ.
تۇمار ئاسقان بالىلىقىمدا،
چوڭ بولغاندا ئاسقىنى ئەجەب...

تۇمار ئاستى بوينۇمغا ئانام،
يامان كۆزدىن بولغىن نېرى، دەپ.
ئىسرىق سېلىپ، ياغ پۇرۇتۇپ ھەم
ئۇزاق دۇئا قىلدى ئېسەدەپ.

تۇمار ئاستى بوينۇمغا ئانام،
ئارزۇلىرىڭ تاپسۇن، دەپ، مۇراد.
بىلدىم ئۇنىڭدىن ئانا مېھرىنى،
بىلسەڭمۇ سەن بۇنى خۇراپات.

# يېلىم تېرىپ يۈرگەن قىزچاقلار

دۈمچەك ـ دۈمچەك جىگدىلەر ئارا،
ئاشىق يۈرەك بىر-نى ساقلار.
كېلەلمەيدۇ ئەپسۇس بۇيەرگە،
يېلىم تېرىپ يۈرگەن قىزچاقلار.

سۆيگۈ نېمە بىلمەيتتىم بىر چاغ،
قى ـ چۇ سېلىپ ئوينار ئىدىم شوخ.
بۇ سەھرانى يورۇتۇپ تۇرغان،
گويا كىچىك قۇياشلار ئىدۇق.

بالىلىقىم ئۆچتى يۇلتۇزدەك،
دىلخانەمگە سېلىندى قۇلۇپ.
يېلىم تېرىپ يۈرگەن قىزچاقلار،
ئۇچۇپ كەتتى پەرىزات بولۇپ...



# كۆلۈمسىرەش

قەلبىمنى سىيلىغان كۆلۈمسىرەشلەر،
گۈل بولۇپ ئېچىلدى چېھرىمدە ئاستا.
بەزلەپ ئۇ ياداڭغۇ كەچمىشلىرىمنى،
پەرىشتە تېلەكلەر دولقۇنلىماقتا.

بىمەھەل چېقىلغان يول يازۇلىرى
بىر ياڭراق سادانى تۇغماقتا يەنە.
ئايرىلىش گىردابى، سۆيۈلۈش تەرزى
روھلار ئىسيانىدا قىلار تەنتەنە.

دوستلىرىم، تەقدىرنىڭ چاقچىقى ئېغىر،
گاھ هايات دېڭىزى تولاركەن لەشكە.
شۇندىمۇ قۇياشقا تېۋىنغىنىم يوق،
يار بولۇپ سىلەردىن كۆلۈمسىرەشكە.

# چىدايمەن ھەممىگە ئامرىقىم، بىراق...

سۆيگۈدىن يارالمىش ئازابلىرىم كۆپ،
شۇ ئازاب باغرىمنى ئەيلەر زىمىستان.
باھارنىڭ تىنىقى ـ مەيىن ئاۋازىڭ ـ
شۇنچە تېز ئاڭلىنىپ ئۆچەر شۇ ھامان.

تەنھالىق ئادەمگە ھەممىدىن ئېغىر،
ئېلىشاي تەقدىرىم بىلەن يەكمۇيەك.
چىدايمەن ھەممىگە ئامرىقىم بىراق،
كەلتۈرمە پەقەت پاك سۆيگۈمىزگە شەك...

# سەھرانىڭ تىرىك ھەيكىلى ئانام

توپىلىق يوللاردا ئانامنىڭ ئەكسى،
جىگدىلەر پۈرۈتار ئانام ھىدىنى.
شاخلاردا غۇچچىدە پىشقان يۇلتۇزلار —
ئانامنىڭ بوينىغا ئاسقان مارجىنى.

بىپايان دالالار، رەڭدار گۈل - چىمەن،
ئانام كىيىۋالغان ئەتلەسنىڭ ئۆزى.
خىلۋەت ئورماندىكى ئاھۇ كۆز بۇلاق
ئانامنىڭ مۇلايىم، ساددا قوي كۆزى.

سۇلاردا ئاققىنى ئانام ئەللىيى،
مەجنۇنتال ئانامنىڭ چاچلىرى ئىدى.
گۈللەرنىڭ بەرگىدە تىترىگەن قەترە،
ئانامنىڭ جۇدالىق ياشلىرى ئىدى.

بۇ سەھرا كۆرۈنەر ئانامدەك گويا،
ئانام بۇ سەھرانىڭ تىرىك ھەيكىلى.
ئوتتۇز يىل باغرىدا باقسىمۇ مىنى،
ئانىلىق مېھرىگە قانمىغان دىلى.

# قەشقەر سونېتلىرى

1

پەيغەمبەر قەدىمى يەتكەن بۇ ماكان،
خىسلەتلەر كانىنى قىپتۇ ئارامگاھ.
ساماۋى يۇلتۇزلار تاشلىسا نىگاھ،
بالقىيدۇ چېھرىدىن شۇڭا نۇرىستان.
قۇچاقلار سىغدۇرۇپ ئالسا بويىنى،
ئەسىرلىك ھىجراندىن تاشقىنلار يۈرەك.
ئارزۇلار قىرمىزى يايغاندا پورەك،
تىڭشايسەن مۇقەددەس سۆيگۇ كۈيىنى.

ئېھ قەدىم تارىخنىڭ ئەللەيلىشىدە،
سۈت پۇراپ ياتار ئۇ مەسۇم چۈشىدە،
گۈزەللىك تەختىدە مەستۇ مۇستەغرەق.
كائىنات تەئەججۇپ، پۈتمەس ھاياجان،
ھۆسنىگە ئېزگۈلۈك بېغىشلاپ ھامان،
تەبەسسۇم ئىلكىدە نۇرلىنار شەرق.

2

ھەيكەللىك زېمىن بۇ، ھېكمەت ئىلاھى،
باغرىدا ساناقسىز ھەيكەل ياراتقان.
ھەر ھەيكەل سۆزلىسە شەجەرە ـ داستان،
ئايلىنار تۇتقۇنغا دىللارنىڭ رايى.

مۇنارلار ئاسمانغا ئۆزاتقاندا قول،
ئەقلىڭنى لال قىلار غالىب ئۇستىكار.
نىگاھلار ھەر لەھزە ئەيلىسە شىكار،
تاشلايسەن جەننەتنىڭ ئىشىكىگە يول.

پارلايدۇ ئۇنىڭدا ئۇلۇغۋار قۇياش،
تۇپراقنىڭ كۆكسىگە قويۇپ مەغرۇر باش.
قاراڭغۇ زۇلمەتكە جاكار قىلىپ جەڭ.
شۇ جەڭدىن يارالغان كىشەنسىز ھايات،
قاناتسىز جانلارغا بەرگەن گاڭ قانات،
ساما يوللىرىنى ئېچىپ مەڭگۇ كەڭ.

3

بىر سۆيۈش بەدىلى ئالسىمۇ جاننى،
لۇتفى تەشنالىققا كۆرسىتەر كەرەم.
ھەرەمگە تېۋىنما، ئەسلىدە ھەرەم،
سەجدىگاھ ئەيلىگەن ئۇشبۇ ماكاننى.

ناشۇد تۇيغۇلارغا چۆمسە دىلىستان،
شادلىق ئىلاھىنى ئىزدە بۇ يەردىن.
بېشىڭغا تاج تاقاپ ئۇنچە-گۆھەردىن،
قەلب ئۆپۈقىڭدا چاقنىتار ئىمان.

كۆزۈڭگە پەر تاشلاپ پەرىشتە سىياق،
ئىقبال تىۋىشلىرىگە سالىسەن قۇلاق،
ھىسلار چېقىنىدا تىترەپ پاك ۋۇجۇد.
چاڭقاق لەۋ خاكىغا قانسا مۇپەسسەل،

بەختىيار تىلەكلەر ئاقسا بولۇپ سەل،
تىپىلماس ئۆمرۈڭدە بۇ يەڭلىغ بىر قۇت.

4

نىگارسىز ئۆرتەنگەن ناتىۋان ياشلىق
قۇش كەبى ئاسماندا ئەيلىسە پەرۋاز.
ئاھ ئاڭا دۇنيانى تىگىشسەڭمۇ ئاز،
مەي تۇتار يىنىڭدا بىر قەلەم قاشلىق.

يات ئاڭا نەسلىكنىڭ مەشئۇم سايىسى،
سىھرىدىن ئىگەمنىڭ ھىكمىتى ئايان.
مەڭگۈلۈك ئىشقىنى قىلغانچە بايان،
سۆيگۈڭنى تەخت قىلار ئۆچمەس غايىسى.

چايقىلار قەلبىڭنىڭ بۈيۈك قىيامى،
سۆيۈشلەر بەھرىگە قانمىغان پىتى،
قايتقۇزۇپ قەدىمكى ئىنسانىيەتكە.
سۆيگۈدىن يارالغان سۆيگۈ شەھىرى بۇ،
سۆيگۈ ۋە ۋىسالنىڭ نۇرلۇق سەھىرى بۇ،
شىپالىق بەخش ئېتىپ تۇرغۇچى دەردكە.

5

مەن بۇ يات شەھەردە كۈيلىدىم قوشاق،
كۆزۈمدىن ئاققىنى دەريا كەبى قان.
دوزاخنىڭ پەنجىدىن قاقشىماقتا جان،
تىلىدىم ۋەسلىڭنى ئاھ يەنە ئۇزاق!

بېشىمدا نۇر چېچىپ تۇرغان ئوت شارى،
سېنىڭ ئوت شارىڭنىڭ ئالدىدا چىراغ.
ئايمۇ ھەم تۈنلەردە پارلىماس ئوماق،
تۇيۇلار كۈتكەندەك ھالاكەت غارى.

بەختسىز دېمىگىن ئۆزۈڭنى دىلدار،
چۈشەنسەڭ چىن بەخت ساڭا مەڭگۈ يار،
بەختسىز بەندىنىڭ سەركەردىسى مەن.
چۈنكى ياش قەلبىمگە ياندۇرۇپ پىراق،
جۇدالىق تەختىدە قالدۇرغانچە تاق،
قالدى بەك يىراقتا ئانا يۇرت - چىمەن.

# رەڭدار تاشلار

كۆپكۆك دېڭىز، ياپيېشىل قىرغاق،
كۇتۇپ قالدىم سېنى مەن ئۇزاق.
................................
بەلكىم ئېيتالمايمەن سېغىنغىنىمنى،
سېغىنىش قەلبىمگە مەڭگۈلۈك ئازاب.
ئۇنتۇشقا ئۇندىگەن ئاسىي يىللارنى،
بۇ پىنھان ماكاندا ئۆزاتتىم چىداپ.
غۇنچىلار جامىدا چايقالغان ياشلىق،
رەڭ تاسقاپ ئۆتتىغۇ چېھرىمدىن مانا.
سەن ئۇچۇن ناتونۇش بولغان دۇنيانى،
ئەپكەلدىم مەن چىللاپ باغرىڭغا يانا.
تاشلىۋەت مۇز ئىچرە يانغان گۈلخانغا،
كۆيسۇن ئۇ چاراسلاپ مەندەك خىيالەن.
ئاھ، ئەسلەي پەقەتلا ئۇنسىز سۆيگۈمنى،
كۆز ياشلار يولۇمغا يايسا گۈل - چىمەن.
سېغىنىش قەلبىمگە مەڭگۈلۈك ئازاب،
بەلكىم ئېيتالمايمەن بۇنى ھېچقاچان.
مېنىڭ سېغىنىشىم ئارتۇقچە بىر يۈك،
سېنىڭ سېغىنىشىڭغا ئۆزگە ھۆكۈمران.
................................
چۇشىمان ھاياتقا كۆز ئېچىپ زىنھار،
كۆرمىدىم ئازابتىن باشقىنى بىر رەت.

ئاھ، ماڭا ئامانەت قويغان شۇ كۆڭلۈك
يۈكلىدى دەردىمگە يەنە مىڭلاپ دەرد.
دەرد يۇتۇپ دەردىڭگە بەردىم تەسەللى،
ئاھ بولدى مەن ئۈچۈن تۆكمىگىن كۆز ياش.
سەن ئۈچۈن شۇنچىلىك گۈزەل بۇ دۇنيا،
شادىمان ئۇنتۇغىن سۆيگەنگە ئوخشاش...

# ياۋا قۇش

مەن سەندەكلا ياۋايى بىر قۇش،
تىنەپ يۈرگەن قۇش دېڭىزىدا.
ئىزدەپ يۈرگەن،
ئۆلۈمىمدىن ئازغىشىپ بىر چاغ،
يېتىم قالغان سەييياھ ئۆزۈمنى.
........................
بىزگە مەنسۇپ ئەمەس بۇ يوللار،
كەلگىن كۆلۈپ ھەركۈنى ئەمما.
قانىتىڭنى شورايدۇ دېڭىز،
ھالسىرىغان دولقۇنلىرىدا.
لەۋسىز چىشتەك خادا تاشلارنى،
سوۋغا قىلار كۆتۈشلىرىڭگە.
ئەپ بېرىدۇ بىر سىقىم كۆز ياش،
ۋە جەڭگىۋار قىرتاق ئۈمىدنى.
يوقالماقتا قۇياش سايىسى،
ھەسرىتىمدەك پىنھان لەپىلدەپ.
كەلگىن كۆلۈپ ھەركۈنى ئەمما-
كۆرمەي سىنىڭ مىسكىن تۇرقۇڭنى.
دەسسەپ يۇمشاق خادا تاشلارنى
سۆيۈپ ئۆتكىن ئاپپاق قۇشلارنى.
ئاڭلا ئۇندىن جىمجىت ياش تۆكۈپ،
قەلبىمدىكى پىچىرلاشلارنى.

..............................

مەن سەندەكلا ياۋايى بىر قۇش،
تېنەپ يۈرگەن چۈش دېڭىزىدا.
بىز كېتەرمىز بەلكىم ئالەمدىن
تۈگىتەلمەي چۈشتەك يوللارنى.
مەن سېغىنسام، بارسۇن ئاق قۇشلار،
بوسۇغاڭغا چىشلەپ قۇياشنى.
سەن سېغىنساڭ كەلگىن مەڭگۈلۈك،
قانىتىڭغا قىسىپ، مەن كۈتكەن
ھەسرىتى يوق يېڭى دۇنيانى.

## قايتىپ كەتسەڭ سەبىيلىككە

چۈش بولۇپقالسا ساڭا بۇ ھايات،
چۈش بولۇپقالسا ساڭا بۇ ئۆلۈم،
قايتىپ كەتسەڭ سەبىيلىككە.
كۆرسەڭ يەنە تۇنجى چېچەكنى،
ئالساڭ ئۇزۇپ ئۇندىن بىر تۇتام،
بىز قوغلاشساق چېگراسى يوتكەن،
ئاشۇ چەكسىز ئاسمان بېتىدە.
بىز قوغلاشساق چۈشتەك چىرايلىق،
مەھەللىنىڭ ئېتەكلىرىدە.
بىز قوغلاشساق چۆچەكچى موماي
ئايدىڭلاردا سۆزلىگەن تاتلىق،
تاڭنى تۇغقان چۆچەكلىرىدە.
ئېسىڭدىمۇ ئاشۇ چۆچەكلەر،
بىز چۆچەكتەك ئۇچراشقانىدۇق،
بىز چۆچەكتەك ئايرىلدۇق يەنە.
سەن تۇتقان شۇ تۇنجى چېچەكلەر
توزۇپ كەتتى چۈشتەك بىردەمدە.
بىز قوغلاشقان چېگراسىز ئاسمان
كۆز ياش بولۇپ تامدى قەلبىمگە.
چۈش بولۇپقالسا ماڭا بۇ ھايات،
چۈش بولۇپقالسا ماڭا بۇ ئۆلۈم،

قايتىپ كەتسەم سەبىيلىكىمگە.
بولۇپ قالسام سەندەك ئالەمگە
تۇنجى مېھمان، ئاڭسىز بىر گۆدەك.
بولۇپ قالسام سېنى مەڭگۈگە،
تۇنجى قېتىم سۆيۈپ قالغاندەك...

# ئۇچرىشىش كۈيى

تاتلىق چۈشكە رەڭ بەرگەن كېچە،
قىشلاقلاردىن كەتمەكتە جۆنەپ.
پىلدىرلايدۇ ئاداققى يۇلتۇز،
تاتلىق سۆيگۈ ئارمانىنى تۈنەپ.

چىغىر يولدىن ئاڭلانغان ناخشا،
تۇرنىلارغا بەرمەكتە پەرۋاز.
قەدەملىرىڭ ئۆپكەن چاتقاللار،
چىقارماقتا يېقىملىق ئاۋاز.

كەل، ئۇپۇققا باقايلى تىمتاس،
پۈركۈلمەكتە ئاقۇچ رەڭ تۇمان.
سۆي ئاغرىتىپ لەۋلىرىمگە ئاھ،
بىردەملىكتۇر بىزگە بۇ جاھان...

# تاڭ لەۋھەسى

يۈز ئاچتى ئالدىمدا ماڭا تەن دۇنيا،
فىرۇزە ھۆسنىدە ئەركىن جىمىرلاش.
چوققىلار قۇياشقا يەلپۈتۈپ ئېتەك،
باشلاندى ھاياتتا شاۋقۇن ـ قىمىرلاش.

دولقۇنلاپ بارىمەن ھايات يولۇمدا،
مەن يېڭى، يول يېڭى، تىلەكلەر يېڭى.
چۈشمەكتە يېلىنجاپ نۇرلار تالاسى،
ئېھ قانداق سۆيۈملۈك باھارنىڭ تېڭى؟

جاۋاھىر كۈلكىسى مەسۇم قىزلارنىڭ،
شەبنەملىك بەرگلەر، يۇمران قەترىلەر.
پەرىزات شامالLAR چالغاندا زىلتار،
چاڭقىيدۇ باغلاردىن خۇشبۇي ئەتىرلەر.

ئالماستەك ھېسلارغا قاندۇ پەخرىم،
قۇشلارنىڭ پەرۋازى ئۆتسە پەر تاشلاپ.
باھاردەك تۇيغۇلار چاقناپ كۆيلەردە،
كېلىدۇ بىر ئۆلمەس سۆيگىنى باشلاپ.

يۈز ئاچتى ئالدىمدا ماڭا تەن دۇنيا،
چۈشمەكتە يېلىنجاپ نۇرلار تالاسى.
ئېھ گۈزەل بۇ تاڭلار مېنىڭ تاڭلىرىم،
مەن تاڭغا ئىشقىۋاز تاڭنىڭ بالىسى.

# ئۇنتۇش ئۇچۇن ئەسلەش

1

تار چىغىر يول سارغايغان چۆشكە،
قارىچۇقنى بەتلەيدۇ پات ـ پات.
قان چاچرىتىپ ئۇپۇق جىلۋەڭگە،
بۇلۇتلارنى يايىدۇ قات ـ قات.

كەچمىشلەردىن تۇغۇلغان جۆيلۈش،
قالار گاھى ئىسمىڭنى تۇۋلاپ.
ياۋۇزلۇقنى كۆتۈرۈپ تەنھا،
قەدەملىرىڭ كېلىدۇ ھۇۋلاپ.

بەڭباشلىقتا يىغلايدۇ ئۇنسىز،
بارماق چىشلەپ ئاتقۇزغان تاڭلار.
پاك ئىشقىمنى بۇلاپ خىرامان،
ئۇچۇپ يۈرەر سارغۇچ غازاڭلار.

2

ئاق كېچىنىڭ جىيەكلىرىدە،
خىياللىرىم يۈرىدۇ سەرسان.
ئازابلايدۇ مەيىن ئاۋازىڭ،

كاچكۇللارغا چۇمدۇرۇپ ھەريان.
تۇتقۇن قىلىپ قارماقلىرىدا،
ئالسا قەلبىم قەھرلىك سوتقا.
ئەسەبىيچە ئىسمىڭنى يادلاپ،
ئۇ قالىدۇ ئايلىنىپ بۇتقا.

3

مېنى ئىزدەپ كەلگەن يېشىللىق،
مۇزلىرىڭدىن بالىقتىدۇ ئاي.
ئۇپۇقلارغا كېتىدۇ سىڭىپ،
سايىلىرىم بولۇپ توسۇن تاي.

ئەسىر قىلىپ ھال رەڭ قۇياشنى،
ئالىقىنىڭدىن ئالىمەن يۇلۇپ.
شۇندا قاتىل قىلىقلىرىڭنى،
كەچۇرىدۇ يۇرىكىم ئۆلۈپ.

4

سۆيۈشلەردىن ئوت بولغان لەۋلەر،
تاتلىق چۇشكە قالدى ئايلىنىپ.
كۆز يېشىڭدىن تۇغۇلسام قايتا،
بارار ئىدىم ئۇپۇققا مىنىپ.

سايە تاشلاپ ياتار يۇلتۇزۇم،
ئىزلىرىڭغا بولۇپ باشپاناھ.
ھالسىرايدۇ يېگانە سۆيگۈم،
كىرپىكىمدە قىلىچلىشىپ گاھ.

ئۆزۈن - ئۆزۈن ئاشۇ كۆيلىرىڭ،
تىمىسقىلاپ يۈرەر بۇ يەردە.
مەن تۇنلەرنى يۈرسەم بوغۇزلاپ،
سەن يوقالدىڭ نېچۈن سەھەردە؟

5

بىزنى قۇتلاپ كۈلگەن تاڭ سەھەر،
غازاڭلارنى يۈرەمدۇ ئوىناپ؟
شىۋىرلارمۇ مۇڭلۇق بۇلاقلار،
چىمەنلەرنى سۆيۈپ ئاۋايلاپ.

قەدەملەرنى ئىزدەمدۇ قايتا،
يولىمىزغا تەلمۈرۈپ بېقىپ.
خاتىرەڭدە قۇرۇغان گۈلدەك،
قالدىمۇ يا ئۇپۇقتا قېتىپ؟

6

دېرىزەڭدىن چاقنىغان ئالۋۇن،
دالالارنى سويلايدۇ چىم - چىم.
مىسكىن ناخشاڭ ئېرىتىپ ئاينى،
بۇلۇتلارنى يىغلىتار سىم - سىم.

تۇمانلاردا سېنىڭ كۆلەڭگەڭ،
مەھەللەمنى ئەگىيدۇ تىنماي.
روھىم ئۇچۇپ گاھى ئەرشكە،
دەيدۇ سېنى باغرىمغا چىللاي.

ياش تۆكۈمەن دەرياغا ئۈنسىز،
سەنمۇ بۈنى بىلمەيسەن بەلكىم.
شۇ ۋەجىدىن بولسامىمۇ شالالاق،
پاكلىقىڭنى ئۇلۇغلاپ كەلدىم.

7

ئىزدىمىدىڭ بىر چاغدا ئەجەب،
ئىزدىگىنىڭ ئەمدى بەربىر.
خانىقاغا باش قويۇپ ئەمدى،
چۈشلىرىمگە بەرمەيمەن تەبىر.

كەچمىشلىرىم ئاچچىق، پىغانلىق،
بولدى قىلاي، يۈرمەي ھەم سۆزلەپ.
مەن ئۆزۈمنى تاپالمىغاندا،
سەن قەيەردىن تاپارسەن ئىزدەپ؟

8

ئەسلىمەمنىڭ نازۇك جىلۋىسى،
شادلىقىڭغا باغلاپ ئەقىدە؛
سۈبھى بىلەن سىردىشىپ پىنھان،
ھىدلىماقتا سىنى ھەر لەھزە.

ھىجران يۈتۈپ ئۆتكەن چاغلارنى،
ئىسسىق ياشتا بەزلىدىم بىر - بىر.
يۈتۈپ كەتتى ھەسرەت - داغلارنى
قول ياغلىقىقا يېزىلغان شېئىر.

9

قايتۇرالماس مىليون باھارمۇ،
توزۇپ كەتكەن ياشلىقنى ئەمدى.
نىمىشقىدۇر قالغاندا تەنها،
گۇل ياشلىققا مەستلىكىم كەلدى.

ئۇنتۇلسىمۇ رەڭۋاز بۇ دۇنيا،
ئۇنتۇلمايدۇ تۇنجى مۇھەببەت.
سىنىمۇ ھەم بىلسەڭ قەلبىمدە،
ئۇنتۇش ئۇچۇن ئەسلىدىم پەقەت!

# ئۆچ كوچا تەزكىرىسى

## قەسىر كوچىسى

بىر كوچا بار بەكمۇ يىراقتا،
مەندىن چىقىپ سەندە تۈگىگەن.
ئارىدىكى پايانسىز بوشلۇق،
بولالمىغان ئەبەدىي خۇرسەن.

تۆكۈلمەستە سارغۇچ غازاڭلار،
قويالمىدۇق بىرەر رەت يوقلاپ.
بوشلۇق قاپلاپ كەتكەن دىللاردىن،
كەلدۇق پەقەت ئۈنسىز ئۇلۇغلاپ.

## ھىجران كوچىسى

ئاھ، بىلمەيمەن ئۇشبۇ كوچىنى
مەن ماڭدىممۇ ياكى ئۇ مېنى.
ئەسلىمەمنىڭ روجەكلىرىدىن،
كۆرسەتتى ئۇ يەنىلا سېنى.

كېلەر ئىدىڭ... قەدەملىرىڭدىن
تۆكۈلەتتى سۆيۈملۈك ھىجران.
ئۇ ئۈنتۈلغان بارچە نەرسىنى
ئىككىمىزگە قىلدى قەدىردان...

# شەربەت كوچىسى

شەربەت تامغان لەۋلىرىڭ ئارا،
كۆيۈكلەرنىڭ ئۆچتى شولىسى.
چۈشلىرىمنى قىلىشقا رەڭدار،
خىيالىڭنىڭ تەگمەس چولىسى.

كۆپۈكلەردىن چاچرىغان ئۈمىد،
ياراتقاندا تۇمانلىق سەھەر.
مەن كوچاڭنى ئايلىنىپ تەنھا،
سېغىنىغانتىم بىر تامچە زەھەر.



# بىز ئۇچراشقان شۇ كۈندىن بېرى

رۇمكام ئىچرە چايقالغاندا ئاي،
گۈرۈلدىگەن سۆيگۈ گۈلخىنى.
شولاڭلاردىن تونالماي شۇ چاغ،
شەپشەك تۇيغۇم ئالدىغان مېنى.

يېشىلمىدى مەستلىكىم پەقەت،
ئالدىڭلاردا باستى ئەجەب نەس.
بىز ئۇچراشقان شۇ كۈندىن بېرى،
ئىچسەممۇ مەست، ئىچمىسەممۇ مەست...

# ئون سەككىزگە كىرمىگەن كىم بار؟

ئون سەككىزگە كىرمىگەن كىم بار؟
بۇ يوللاردا يۈرمىگەن كىم بار؟
ئۇخلىيالماي ئايدىڭ كەچلەردە،
تەگسىز خىيال سۈرمىگەن كىم بار؟

ئون سەككىزگە كىرمىگەن كىم بار؟
باغلاردىن گۈل ئۈزمىگەن كىم بار؟
ئىلهام ئېلىپ ئاھۇ كۆزلەردىن،
نەزمە ـ قوشاق تۈزمىگەن كىم بار؟

ئون سەككىزگە كىرمىگەن كىم بار؟
ھىجران دەردى كۆرمىگەن كىم بار؟
تامشىپ تالاي ۋىسال پەيتىنى،
دوزاخ ئىچرە يۈرمىگەن كىم بار؟

..............................

قاقىرلاردەك تىزىلىپ يىللار،
ئون سەككىزگە قالغاندا بېرىپ.
ئۆتەلىشىم مۇمكىنمۇ شۇ چاغ،
بۇ كوچىغا ئۆتمەستىن كىرىپ؟

«ئازدى» دېسە مېنى بىراۋلار،
گەر كەينىمدىن غەيۋەتچى بولۇپ.
«ئون سەككىزگە كىرمىگەن» لەرنىڭ،
بۇ ئىشىدىن كېتىمەن كۈلۈپ...

# شۇنداقلار كۆلكەمنى قىستايدۇ ئەجەب...

(رەسۇل ھەمزەتوۋ ئىزىدىن)

ماختايدۇ بەزىدە سېنى كۆپتۇرۇپ،
چاچىدۇ گۈل قىلىپ ئالقىش سۆزىنى.
ھەيرانلىق ھېس قىلما بۇنىڭدىن زىنھار،
بۇ ئۇنىڭ كۆرگىنى ـ سەندە ئۆزىنى.

تىللايدۇ بەزىدە سېنى چۆكتۈرۈپ،
تىكىدۇ خەنجەردەك قانلىق كۆزىنى.
بۇ چاغدا ماختاشتىن سۆز ئاچما، چۈنكى،
سەندىن تاپالمىغان ئۇ ئىزدەپ ئۆزىنى...



# تەبىئەت

(ئابدۇللا ئارىپوۋ ئىزىدىن)

قالدى يىراقلاردا تۇغۇلغان ئۆيۈم،
بەخباش بالىلىقىم ھەم قالدى يىراقتا.
قالدى يۇلتۇزلارغا ياخراتقان كۈيۈم،
قالدى سىخىللىرىم قايغۇ پىراقتا.
ئاھ، ئەمدى ئەسلەيمەن كۆزلىرىمدە ياش،
ئاشۇ يىللىرىمنىڭ ئۆچمەس ئوتىنى.
ئۇنىسىز سىغىنىمەن، يۇرىكىم ئوتقاش،
سىرداش سىخىللىرىم مۇھەببىتىنى.
ئاشۇ چاغ ئۆزۈڭ ئەيلىگىن شەپقەت،
سىخىل بولۇپ قالغىن ماڭا تەبىئەت.

تاتلىق چۈشلىرىم ئىچرە بىمالال،
جەسۇر ئاكىلىرىم چېھرىنى كۆردۈم.
ئەركەكلىك بايرىقى قىلىپ ئۆتتى لال،
مەنمۇ ھەم ئەركەكلىك پەيزىنى سۈردۈم.
ئاھ، ئەمدى ئەسلەيمەن كۆزلىرىمدە ياش،
ئاشۇ يىللىرىمنىڭ ئۆچمەس ئوتىنى.
ئۇنىسىز سىغىنىمەن، يۇرىكىم ئوتقاش،
جەسۇر ئاكىلىرىم مۇھەببىتىنى.
ئاشۇ چاغ ئۆزۈڭ ئەيلىگىن شەپقەت،
ئاكا بولۇپ قالغىن ماڭا تەبىئەت.

ئاتامنىڭ ئالىقىنى سىيلىغان بېشىم،
چىددى ھاياتتىن ياغقاندا تەنە.
نۇرلارغا تولاتتى ئوتتۇز بەش يېشىم،
شۇ ئاتام يېنىمدا بوپقالسا يەنە.
ئاھ، ئەمدى ئەسلەيمەن كۆزلىرىمدە ياش،
ئاشۇ يىللىرىمنىڭ ئۆچمەس ئوتىنى.
ئۇنسىز سېغىنىمەن، يۇرىكىم ئوتقاش،
دانىشمەن ئاتامنىڭ مۇھەببىتىنى.
ئاشۇ چاغ ئۆزۈڭ ئەيلىگىن شەپقەت،
ئاتا بولۇپ قالغىن ماڭا تەبىئەت.

ئانا، ئانا دەپ چاقىرسام تەكرار،
ھىجران قۇچىقىدا كۆيدى ياش دىلىم.
ئانىسىز بۇ چەكسىز ئالەم بولدى تار،
مېنى جان قوزام، دەپ پەپىلەيدۇ كىم؟
ئاھ، ئەمدى ئەسلەيمەن كۆزلىرىمدە ياش،
ئاشۇ يىللىرىمنىڭ ئۆچمەس ئوتىنى.
ئۇنسىز سېغىنىمەن، يۇرىكىم ئوتقاش،
مېھرىبان ئانامنىڭ مۇھەببىتىنى.
ئاشۇ چاغ ئۆزۈڭ ئەيلىگىن شەپقەت،
ئانا بولۇپ قالغىن ماڭا تەبىئەت.

# جۇۋازچى

ئېھ تۈگمەس لاي ـ لاي ناخشىسى،
غىچىرلايدۇ قەدىمىي گۇندا.
ھايات ئۆچۈن چۈشكەن بەيگىگە،
جۇۋازچى ھەم كالىسى بۇندا.

تەرلىرىنى سۈرتەر جۇۋازچى،
لەۋلىرىدە خۇنۈك تەبەسسۇم.
«چۇھ» دەيدۇ ئۇ قولىدا قامچا،
بۇ كالىغا «ماڭ» دېگەن ئۇقۇم.

كالا كۆلەر مېڭىپ لاغايلاپ،
ئورىتىدىن چەتنەپ گاھى ھەم.
خىيالىدا ئۇنىڭ جۇۋازنى،
ئىككى كالا ئايلىنار بۇدەم...

# تەبەسسۇم

تارىلاردىن سويۇلۇپ چۈشىدۇ دۇنيا،
ئاھاڭلار كۆكسىدە ئېچىلسا چوغلۇق.
ئەي مېنىڭ ناخشامغا ياش تۆككۈچى قىز
ساڭا قالدۇرىدىغان ئازابلىرىم يوق.

سەمىمىي يۈرەكتە رەڭلەنگەن ئۇپۇق،
يېپيېڭى قۇياشنى سۆيسە ئاۋايلاپ.
ئۆزگە ھېچ نىگاھقا بەتلەنمىگەن كۆز
ئالدىمدا قۇياشتەك تۇرىدۇ پارلاپ.

گىتارنىڭ تارىلىرى ئۈزۈلگەن چاغدا،
بىر مەنلا كېتىمەن بۇ يات شەھەردىن.
سەنلا ياش تۆكمىسەڭ كەتكەنگە ئەگەر،
ھېچكىم تاپالمايدۇ مېنى ھەر يەردىن.

گىتارنىڭ تارىلىرى ئۈزۈلگەن چاغدا،
مەن ساڭا بېرىمەن ناخشامنى مەڭگۈ.
ئۈندىكى تەبەسسۇم، تىترەڭگۈ نەپەس،
ئەسلىتەر ساڭا بۇ ئاخشامنى مەڭگۈ.

تارىلاردىن سويۇلۇپ چۈشىدۇ دۇنيا،
ئاھاڭلار كۆكسىدە ئېچىلسا چوغلۇق.
ئەي مېنىڭ ناخشامغا ياش تۆككۈچى قىز،
ساڭا قالدۇرىدىغان ئازابلىرىم يوق.

# ناتونۇشمەن ئۆزۈمگە

سېغىنغۇدەك ھېچ كىشى يوق دۇنيادا،
ئۆزۈممۇ ھەم ناتونۇشمەن ئۆزۈمگە.
سانسىز يۇلتۇز بولۇپ چەكسىز زېرىكىش،
يامغۇر كەبى تامچىلايدۇ قەلبىمگە.

جىنايەتتەك تۇيۇلىدۇ بۇ ياشاش،
يەر يۈزىدىن يۈتكەن تامام ساۋابلىق.
ئۆتۈش مۇمكىن بولمايدىغان بىر ھاڭ بار،
ئۆتسەممۇ گەر ياشاش يەنە ئازابلىق.

غىڭشىپ ئاستا تىلغا كىرگەن ناخشامنى،
كۆرۈپ قالدىم كىملەرنىڭدۇ قەلبىنى.
بۇزۇق قىزنىڭ يۈرىكىدەك بۇ ناخشا،
سۆيگىن دەيتتى سۆيەلىسەڭ ھەممىنى...

# مۇساپە

بىز شۇنچە يىراقتا تۇرىمىز يېقىن،
ھىجراننىڭ كەينىدىن قوغلار سىغىنىش.
ئالدامچى باھارنى ئالغاندا كۇتۇپ،
قارىچۇقلار سەتھىدىن مارىلايدۇ قىش.

كېتىسەن ئۇن ـ تىنسىز مەن بىلمەس جايغا،
قان قىلىپ قەلبىڭنى بەخت قايغۇسى.
كېلىسەن ئۇن ـ تىنسىز مەن بىلمەس جايدىن،
ئىزىڭدىن ئۇنگىنى ـ ياشلىقنىڭ چۇشى!

بەك ئۇزاق مۇساپە ياسايدۇ سۆيگۇ،
بەك يېقىن بولسىمۇ بىزنىڭ ئارىمىز.
مەن سەندە ئۆزۇمنى تاپالماي سەرسان،
سەن مەندە ئۆزۇڭنى تاپساڭمۇ ئەي قىز...



# دادامنىڭ خەت يېزىشى

دادام ماڭا خەت يازماق بولۇپ،
قەلەم قىپتۇ كىرپىكلىرىنى،
سىياھ بوپتۇ تۇزلۇق كۆز يېشى.
يېزىپتۇيا، يېزىپتۇ تىنماي،
نەچچە كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىماي،
تۈگىمەپتۇ بىراق ئۇ خېتى.
مەن بۇ يەردە خەت كۈتۈپ،
پوچتىكەشكە باقسام تەلمۈرۈپ،
«خەت يوق»، دەپلا كېتىدۇ ئۆتۈپ.
چۈش كۆردۈم...
دادام
يۈرىكىنى سېلىپ لېپاپقا،
ئايلىنىپ يۈرەرمىش كوچىمۇكوچا،
تاپالماي ھېچ يەردىن پوچتىخانىنى...

# سۇنۇق ئابدە

1

ئىلاھ قاچان باققان ئالىيىپ،
سۆيگۈ يۇراپ يۈرگەن بالىغا.
ئۇ ئۆتكۈزگەن بۈيۈك گۇناھلار
لەگلەك سۆرەپ يۈرەر دالىدا.

دۇنيا بۇنچە قىلما پىخسىقلىق،
سۆيۈلۈشكە باغرىڭدا بىر رەت.
بەرسەڭمۇ گەر جۇلدۇر قىسمەتنى،
كۆز يېشىغا سىغماس مۇھەببەت.

2

مۇز دەۋرىنى قۇچاقلاپ ياتقان
كىرپىكتىكى سوغۇق يالتىراش.
پارچىلىسا قالدۇق چۈشلەرنى،
دومىلارمۇ ئاسماندىن قۇياش؟

پەرۋازىنى يوقاتقان قۇشلار
قوش يۈرەكتىن تاپسا گەر ئۇۋا.
سېغىنىشنىڭ ئىزتىراپلىرى
كۆرۈنەرمۇ ئۆتمۈشتەك غۇۋا.

3

«خەير ـ خوش»دېگەن ئېغىر تاۋۇشنىڭ
توزىماقتا پەيلىرى ھەريان.
ياش دېڭىزى ھەيدىگەن قولۋاق
كەتكىنىدە ئۇپۇقلار سايان.

ھەقىقەتتەك تەنھا ۋۇجۇدتىن،
سارغۇچ غازاڭ تۆكۈلەر يەرگە.
ئۇ تىكلىگەن سۇنۇق ئابىدە،
چاقنىمىغاچ چۆمۈلۈپ زەرگە.

# بۇزۇلمىسۇن قۇتلۇق چۈشلىرىڭ!

بۇزۇلمىسۇن قۇتلۇق چۈشلىرىڭ،
سۆيگۈ بولۇپ پارلىسۇن سەھەر.
مەنلا كەتسەم قەلبىڭدىن يىراق،
تەنھالىقىڭ قۇچارمۇ زەپەر؟

بىرەلمەيدۇ ھاياتقا جۇلا،
ئاھ ئۇرۇش ھەم كۆز ياش، پۇشايمان.
بەختسىزلىك ئەمەس ئايرىلىش،
ئايرىلىپمۇ سۆيۈشەر ئىنسان!

# ئانا سىغىنىشى

خەتلىرىڭنى ئەپكەلدى قۇشلار،
ئەپكەلگەندەك زەيتۇن شېخىنى.
ئېسىپ قويدى دېرىزەمگە ھەم،
مۇڭلۇق ـ مۇڭلۇق ئۆكسۈشلىرىڭنى.

قەلبىمدىكى چېچەكلەر بەرگى،
ۋاقىتسىزلا قالغاندا سولۇپ.
ياشنىتتىڭ ئارمانلىرىمنى،
ئېھ، خەتلىرىڭ نەۋباھار بولۇپ.

ھەرپلەرنىڭ ئورمانلىقىدا،
بىر مۇھەببەت چاقىرار مېنى.
بار مەن ئۈچۈن ھەممىلا نەرسە،
كۆرەلىسەم پەقەتلا سېنى.

ئانا سېنىڭ ئوتلۇق خەتلىرىڭ،
ھاياتىمغا بەرمەكتە تىنىق.
ئۈرۈمچى ۋە قەشقەر ئارىسى،
سېغىنىشقا تولۇپ لىقمۇلىق.

# ...گە بېغىشلىما

خوش قالغىن!
بۇ مېنىڭ دەردلىك قەلبىمدىن،
ئاداققى ياڭرىغان سەمىمىي تىلەك.
مەن ئۇنتۇپ كېتىشنى كۆرمەيمەن ئەيىب،
مۇبادا ئۇنتۇشقا چىدىسا يۈرەك...

مىڭ ئىرا ئاۋۋالقى سېغىنىشىمنى،
ھە بۇگۈن كۈز پەسلى كۆمگەندە غازاڭ.
ساقىغان يۇلتۇزنىڭ بولۇپ ئارمىنى،
نە ئۈچۈن سۆيگىدىن ئاچىسەن پاراڭ؟

كۈتكىنىم پەقەتلا ئاددىي بىر نەرسە،
ئۇ ئەمەس خۇشاللىق ۋە ياكى غەزەپ.
ئەيىبلەش بىھۇدە ئۆتكەن كۈنلەرنى،
تۆكسەڭمۇ يېشىڭنى ئەمدى ئىسەدەپ.

بولدى قوي، قانداقمۇ مۇمكىن ئىزاھلاش،
ئىنسانىنىڭ ئەڭ ياۋۇز قىلىقلىرىنى.
كەتكەنمەن ئۆزۈمنى تاشلاپ بۇ يەردىن،
كۆرگەندە باغرىڭدا باشقا بىرىنى...

# ئوخشتتش

باھاردا ئانامغا توتالمىدىم گۈل،
گۈل توتتۇم ۋەلېكىن گۈلدەك بىر يارغا.
يۈرەكنى چىرمىغان قارا سۇمبۇل چاچ
ئۇن سەككىز يېشىمدا ئايلىنىپ دارغا.

يېشىمنى ھېچ كىشى كۆرەلمىدى راست،
يىغامغا جەملەندى بۈيۈك مۇھەببەت.
قوش بولۇپ بىر قىزنىڭ ئوماق لەۋلىرى،
ئەپقاچتى سەبىيلىك چاغلىرىمنى زەپ.

ئاھ ئۇنىڭ شۇ ئوماق جىلمىيىشىدىن،
ئاتامنىڭ ياشلىقى كۈلدى بۇ كېچە.
ھۇپپىدە باغچىمىز... دادام تەمتىرەپ،
گۈل توتقان ئانامغا ئۇياتقىنىچە...

نەقەدەر ئوخشاشتۇر سۆيۈش، سۆيۈلمەك،
ئانامغا ئوخشايدۇ بۇ قىز گوياكى.
مەن بولسام دادامنىڭ ياشلىق ھەيكىلى،
قىز بولسا ئانامنىڭ ياشلىقى ياكى.

ھاياتنىڭ قەھرىنى كۆرمىدىم تېخى،
مۇھەببەت قىلغۇچە دىلنى مالىمان.
ئانامنى سۆيگەندەك سۆيىمەن ئۇنى،
دادامنى سۆيگەندەك سۆيسە ئۇ ھامان.

# قار چېچەكلىرى

يۈرەككە ياغماقتا قار بولۇپ جەبىر،
گۈلدەك ئېچىلىشنى ئۇنتۇشۇم كېرەك.
دۇنيا قارار ئەمدى سوغۇق كۆزىدە،
سوغۇق قارار ئەمدى ھەتتا كېلىچەك.
دەرەخلەر ساناپ بولدى ئۇچقان تۇرنىنى،
يۇمران قانىتىدا باھارنىڭ خېتى.
لېۋىم ئۇيۇقىدىن ئۆچتى ۋە يەنە،
سۆبھى يۇلتۇزىدەك سۆيۈش سەنئىتى.

بۈگۈن مەن سەن ئۈچۈن يىرتىپ تاشلىغان،
ئاداققى ئۈمىدلەرنى تېرىمەن پەقەت.
ھالسىز كۆمەر ئۇنى قار چېچەكلىرى،
ھالسىز كۆمەر ئۇنى تۇنجى مۇھەببەت.

# يىقىنلىشىش

يېيىلماقتا يۈرىكىم يولغا،
غازاڭلاردەك ئۇچۇپ تەمتىرەپ.
غازاڭ تېرىپ يۈرگەن قىزچاقلار،
تونالارمۇ ئۇنى يۈرەك دەپ؟

ھېچكىم ئۇچۇن ياشىدىم تانھا،
ھېچكىم ئۇچۇن يوق مەندە ئالداش.
يېزىلمىغان بىر مىسرا شېئىر،
ھېچكىم ئۇچۇن تۆكمەكتە كۆز ياش.

مەن ئۆزۈمگە يېقىنلاشقاندا،
سەزدىم شۇنچە غېرىبلىقىمنى.
ئېلىپ كەتتى سەرگەردان قۇشلار
كېلەچەككە يازغان خېتىمنى.

# لالەم

گۈل ئەمەسسەن ئېچىلىپ تۇرغان،
بىراق،
ھىدلايمەن خۇشبۇي ھىدىڭنى ھامان.
قۇياش ئەمەسسەن،
قۇياش سەندىن چىقار مەن تامان.

كۈي ئەمەسسەن،
كۈيدەك يېقىملىق،
ئاۋازىڭ بار قۇلاق تۈۋىمدە.
مۇساپىرمەن ئەزىزىم،
سۇمبۇل چېچىڭ تۇغقان كېچىدە.

شېئىر ئەمەسسەن،
ئەمما بىر شېئىر،
يېزىلىدۇ قەلبىمدە ئەبەت.
ئۇنىڭ سۇزۇك كۆز ياشلىرىدا،
يالتىرايدۇ تۇنجى مۇھەببەت...

# ئاھ مېنى يىغلىتار مەيۈس ھالىتىڭ...

قاتقان نىگاھلارغا قوندى ئاپپاق قار،
تۈيغۇم سەتھىسىدىن مارىلار ئۆتمۈش.
ئازابلىق رېئاللىق ئىستىگىنىم بەس،
بوپقالدى ھەممىسى چالا كۆرگەن چۈش.

سۈمبۈل چاچلىرىڭغا چىرمالغان يۈرەك
قان قۇسار ھەسرەتلىك مۇھەببەت ئارا.
ئۆزۈمنى سۆيەلمەي سېنى سۆيگىنىم،
مەڭگۈلۈك ھاقارەت تۈيۈلار ماڭا.

بىر قىزنىڭ دەردىدە شائىر بولدۇم راست،
چۈشەندىم، بۇ ھەرگىز تەنتەكلىك ئەمەس.
ياستۇقنى نەمدىگەن تۈنجى قىرتاق ياش،
چۈشەندىم ۋە يەنە ئۆتكۈنچى ھەۋەس.

قۇياش تاقىر تاغقا سانچىدى بايراق،
ئايەتكە ئايلاندى تىلىمدا ئېتىڭ.
خوشلىشىپ كەتسەممۇ يىراققا مەغرۇر،
ئاھ مېنى يىغلىتار مەيۈس ھالىتىڭ...

# باللىق ئەسلىمىسى

لەگلىكىمنى تاپاي قەيەردىن،
چانامنىچۇ؟ كۆمۈۋەتتى قار.
ئەمدى ئىغىر تىنىغانچە يۈرەك،
دۇنيا ھەسرىتىنى ھاپاشلاپ ماڭار.
بوۋام تۇندە ئىيتقاندا چۆچەك،
يۇلتۇز بولغان ساددا خىيالىم.
ئاي بولغانتى ئانامغا تارغاق،
ساقال چىققان قۇياشقا ھەتتا،
ئۇ بوۋامدەك خىيالچان پىتى،
ماڭا قاراپ كۇلگەن مۇلايىم.
چۆچەكتىكى تۇلپارغا مىنىپ،
كوھىقاپقا بارغانمەن يېتىپ.
دېۋىلەرنى ئۆلتۈرۈپ غاردا،
مەلىكىنى كەلگەنمەن تېپىپ.
بولغانتىممەن شاھقا كۈيئوغۇل،
لەكمىڭ ـ لەكمىڭ لەشكەرلەرگە باش.
ئوغۇزخاندەك ئويىنىتىپ قىلىچ،
رەقىبلەرنى قىلغان خامتالاش.
..............................
يىرىك ساقال باستى ئېڭەكنى،
ھەي باللىق، يۈرسەن نەدە؟
دىدارىڭنى كۆرسەت بىر قېتىم،

يوشۇرۇنغان بولساڭ قەيەرگە.
تاپقىنىم يوق سېنى قىدىرىپ،
تاپقىنىم يوق بىر سېنى يەككە.
چۈنكى يېشىم چوڭايغانسېرى،
مەن ئىشەنمەس بولدۇم چۆچەككە...

# دېرىزە ئەينىكىدىكى قەشقەر

ياز ئىشىكىنى ئاچتى،
رەڭسىز، قاقشال ئىسسىق،
يۈرىكىمگە ئۆرۈلدى.
ئوت ئىچىدە تەنهالىقىم،
ئىستەكلەر جىم.
چاچلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتقان شامال،
سەن ئەمەس بەلكىم.
ۋاقىت
شاپتۇل غاجاۋاتقان جىن.
بىر دەمدىن كېيىن،
كۆكۈش قاناتلىرىنى سۆرەپ،
قوي كۆزلەرنى سارانسىمگە سالدى روچىۋىن.
تاكسىلار غېرىبلىقىنى يوشۇرىدۇ،
بىنالار ئېگىز، ئەمما ھەسرەتلىك تىنىدۇ.
ئۇسما سېتىپ ئولتۇرغان خاقان
ئۆرخۇن بويلىرىنى سېغىنىدۇ.
ياز مۇراسىمى ئاخىرلاشقان،
جىمجىت ۋە سۇرلۈك ئاسمان.
دېرىزە ئەينىكىدىكى قەشقەر،
كائىناتقا قۇچاق ئاچقان.
بىر ھارۋا ئۆتتى كوچىدىن تەنها،
ئۇستىگە لىپمۇلىق سېغىنىش باسقان.

بىز يەردە ياشايمىز،
ئاسماندا قۇشلار.
شەھەردە ياشايمىز،
روھىمىزدا دار.
بۇ ئەمەس سەھەر،
گۇگۇمنىڭ قارنىدا قەدىمىي شەھەر.
قىزىل پەردىلەرگە يۆگىشىپ ماڭار،
ئەرلىكنى ئىسپاتلىيالمايۋاتقان ئەر.

# ئوغلۇم ۋە شېئىر

مىسرالاردىن كاكۇل لاي ئېتىپ،
ئوردا سالدى ئوغلۇم كەچقۇرۇن.
ھەي، دېدىم بىردىنلا ئاڭا داڭقېتىپ،
شائىرلىق باشلاندى سەندە بەك بۇرۇن...

سەھەردە كۆزۈمنى ئاچسام، بىر ئاۋاز
ئوردىنى چۇۋۇيدۇ ئوغلۇم ئالدىراش.
ـ دادا، شېئىرىڭنى سەن ئۆزۈڭلا ياز!
دەپلا، قوي كۆزىدە يالتىرىدى ياش...

شۇنداق، شېئىر ئۇچۇن تا ئەلمىساقتىن،
بېھساپ قەرزگە بوغۇلار ئىدىم.
سەندەك شېئىر يازسام، يازالىسام ھەم،
قايتا بىر دۇنياغا تۇغۇلار ئىدىم!

# بېغىشلىما

تەبەسسۇمىڭ تۇغقان زىناقلار
لەيلەپ نەمخۇش كىرپىكلىرىمدە،
كۆيلەر مىسكىن تەنھالىقىنى.
يۈرىكىمگە قونار بەك ئېغىر،
سەرسان يۈرگەن پەسىل قۇشلىرى.

دېرىزە ئەينىكىگە سىڭگەن ئۇپۇقتىن
لەيلەپ كېلەر ھارغىن بىر ئاسمان.
ئاھ سېنى چاقىردىم، يۇلتۇزلار ئۆچكەن،
ئاي چېھرىنى بۇلۇتلار باسقان.

كىم كىم ئۇچۇن ئىزدەر جۇدالىق،
«ئېيت باغرى تاش ئەي دادىلىق قىز.»
مەن ماچتىسى سۇنغان بىر كېمە،
سەن ئۇيقۇدا ياتقان بىر دېڭىز...



# قەشقەر ھەققىدە قوشاق

ئۆستەڭ بويىدىن قاغجىراپ ياندىم،
بىر جۈپ قىز كۆرۈندى گويا جۈپ ئانار.
سۇ ئەمەس، ئانارنىڭ ھىدىغا قاندىم،
يۈرىكىم يەنىلا ئوت بولۇپ يانار.

بۇ قايناق زامانىنىڭ سىرتىدا قالدىم،
ھېيتگاھ قۇببەڭگە ئېگىلگەندە ئاي.
دوپپىنىڭ ئورنىغا سېغىنىش ئالدىم،
گىدىيىپ ئۆتكەندە پاكىستانلىق باي.

ئوردا ئالدىدا تۇردۇم ھاڭۋېقىپ،
ئالدىراش ئىشلەيتتى تام چاققۇچىلار.
روپاش ئايال ئۆتتى سىرلىق بىر بېقىپ،
كىملەر ناتونۇش بىلمەيتتى ئۇلار.

جانقورغان، جېنىمنىڭ سېپىلى يوقتۇر،
مەدىكار ئالدىدا تۇرالمىدىم تىك.
مەيۇس كۆزلەر ماڭا ئېتىلغان ئوقتۇر،
يۈرىكىم كىچىكتۇر، مۇشتۇمۇم كىچىك.

كوزىچى يار بېشى ـ ئوخشاش ئىچى ـ تېشى،
يۈز يىللىق ھىجراننى قوچۇيدۇ ئەجەب.
خۇمدانغا ئالدىراش ماڭدى بىر كىشى،
ئەگەشتىم سېيىت نوچىمىكىن دەپ!

ياۋاغدا نوزۇگۇم ـ يارنى ساقلىدىم،
جەننەتكە ئايلاندى دىدارى ياپىر.
مەن ئۇنى تاپقاندا دىسكوخانىدىن،
ئەرۋاھقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ ئاخىر!

## توك قاغا

قاناتلىرىڭ مۇزلىغان تامام،
پەرۋاز دېگەن گويا شېرىن چۈش.
زېمىن ساڭا ئېتىلغان كېسەك،
ئۆلۈم بىلەن هايات پاسىلى،
بولۇپ تۇرغان شۇ غېرىبلىقىڭ،
مۇجىماقتا باغرىمنى ئەي قۇش!

خىيالىڭنى چوقۇلار هامان،
قىرلارغا كۆمگىنىڭ قوناق ئوغرىلاپ.
تۆمۈرگە ئايلانغان تېنىڭنى سۆرەپ،
زىمىستاندا يۈرگىنىڭ سايراپ.

مەن ساڭا خىيالچان تىكىلىپ قالدىم،
قىسمەتلەر نەقەدەر ئوخشاشتۇر شۇتاپ.
مېنىڭدە قانات يوق، سۆزلەپ بەر بىر پەس،
جەنۇبنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىن،
ئۇچۇشنى تەرك ئەتكەن ئەي قارا كىتاب!

# يەكەندىن قايتىش

سىم ـ سىم ياغمىغان يامغۇرلار، لېكىن،
چىلىق ـ چىلىق سۇدۇر يۈرىكىم.
كۆز ئەينەك ئىچىدە قاتتى بىر نىگاھ،
دوستۇمغا خوش دېدىم خۇپتەندىن كېيىن.

ۋاقىت قېتىپ قالغان ماشىنا چاقى،
يەكەن شەھىرىنى ئايلاندى پىر ـ پىر.
ئالتۇنلۇق مازاردىن سۇكۇتتە ئۆتتۇم،
يۇقرايىڭمەن سېنىڭمۇ ئاخىر!

ئاۋات رەستىلەردە ئاخىرقى سۇلتان،
ساپايە ھالقىلىرىدا شاراقلار مۇقام.
قۇم كىتابنى قولىغا ئېلىپ،
يىراق بىر تارىخنى ۋاراقلار مۇقام.

ساقالسىز ئەرلەر ئوسما ساتىدۇ،
ئەرۋاھقا ئايلىنىپ يوقايدۇ كېيىن.
مەيخانا ئالدىدا نەرە تارتىدۇ،
قىڭراق كۆتۈرگەن ئايال خوجايىن.

ئاي شولىسىدا قېتىپ قالىدۇ،
ساماغا سوزۇلغان ساناقسىز قوللار.
شامال سايىسىدە يۈيۈنار ئاسمان،
توپاننىڭ ئۆلۈكى بىز باسقان يوللار.

يەكەن باغرىڭ سوغۇق، ئىللىق ۋە يەنە،
ئارماننىڭ بۆشۈكى، ھەسرىتى سەندە.
تامچىلاپ تۈگىدى ئەڭ ئاخىرقى قان،
قوينۇڭدىن جىمجىتلا چىقىپ كەتكەندە...

# يالغۇز ئايال

تالادا ھۆركىرەر ئاچچىق شىۋىرغان،
دېرىزە مۇزلىغان، ھۇجرا مۇزلىغان.
ئۆچۈشكە ئاز قالغان بۇندا بىر يۈرەك،
بۇ كېچە بولاتتى قالسىلا ئامان!

چاچلىرى ياستۇقنى ئالغان قۇچاقلاپ،
ئاھ قېنى شۇ چاچنى ھىدلىغۇچى ئەر؟
يوتقانغا شىۋىرلار بىچارە ئايال،
ئۆتۈنەي، ئاداققى ئىسسىقىڭنى بەر!

مۇھەببەت مۇزلىغان، شەپقەت مۇزلىغان،
سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش بولدى ئەمدى يات.
ھېچكىم دېرىزەڭنى چەكمەس بۇ كېچە،
نەپرەتكە ئەرزىمەس ئەمدى بۇ ھايات...

# ئۈچىنچى ناخشا

قايتىمەن يەنىلا چۈش دالاسىدىن،
باغرىمدا سەن ئۈچۈن چېچەكلەيدۇ قان.
ياتىمەن سۈكۈتلۈك لەھزىلەر ئارا،
قۇشلارنىڭ پېيىدە توزار گۈلىستان.

ساناقسىز ئۈندەشلەر چىقىدۇ لەيلەپ،
تومۇرۇم تۇتاشقان ئۈچىنچى يەردىن.
بەختلەر كېتىدۇ قول پۇلاڭلىتىپ،
كۆز ياشقا چىلىشىپ تۇرغان سەھەردىن.

ئۈچىنچى ناخشامنى ئېيتىمىدىم ساڭا،
قىينىغۇم يوق چۈنكى قاقشال جېنىمنى.
بىلمەيلا قال ئەمدى سەن ئۈچۈن قىزچاق،
بىر تەلۋە شائىر، دەپ ئاتالغىنىمنى.



# كەچكۈزدىكى تەبەسسۇم

كەچكۈز، مەن زارىقىپ تەبەسسۇمىڭغا،
كۈتتۈم كېلىشىڭنى ئاخىرقى بىر رەت.
قالدى ئاھ يوللارغا چەكسىز يېيىلىپ،
غازاڭلار تېگىگە كۆمۈلگەن ھەسرەت.

كۈتتۈم كېلىشىڭنى ئاخىرقى بىر رەت.
بارچە تەشۋىشلەرنى ئەيلەپ تارمار.
بىراق توزۇپ كەتكەن تەبەسسۇمىڭنى،
ئەپقاچتى يىراققا قاچقۇن تۇرنىلار.

قالدى يوللارغا چەكسىز يېيىلىپ،
مەڭگۈلۈك زارىقىش، ھىجران، سۈكۈنات.
كەچكۈزنىڭ سوغۇق ئالىقىنىدا مەن،
كۈتتۈم، كۈتۈشلەرنى ئەيلىدىڭ بەربات.

غازاڭلار تېگىگە كۆمۈلگەن ھەسرەت،
كەچكۈز... مەن ھەممىدىن بولدۇمغۇ جۇدا.
قۇياش كۆيۈپ بولغان، ھايات يوقالغان،
پەقەتلا سېغىنىش قالغان دۇنيادا...

# تاشۋاي

قولۇڭدىكى تارىسىز راۋاب،
چالالامسەن؟
چالسەن چوقۇم.
تام تۈۋىدە بىچارە دوستۇڭ،
شور قىسمەتتىن يىغلايدۇ يۇم - يۇم.

سەنلا ئالدىڭ يەلكەڭگە تاشۋاي،
مەن ئالمىغان سۆيگۈ يۈكىنى.
سېنى ئەزسە لەنىتى دۇنيا،
ئاھ ناخشاڭدا ئېزىسەن مېنى...

# ئاتۇش ئادىمى

1

تاش تارىخنى ۋاراقلىدىم،
كاللىمىز تاش.
تاش سۆزلىمەكتە سوغۇق،
تاش كۆزلەردە،
تاشقا ئايلانغان ياش.

2

ئەي تەبىئەتنىڭ مۇزىيى
سىرىڭنى ئېيت!
كۆز ئالدىمدا
تاشقا ئايلانغان باش ئەمەس،
ھېيتگاھتا ساما سېلىۋاتقان،
شاپ بۇرۇت يىگىت.

# بىر قىزغا يادنامە

رىۋايەت ئاقىدۇ رەستە ـ رەستىدە،
ئاقىدۇ بىر قىزنىڭ قىرىق تال چېچى.
باھاردا سولاشقان گۈل ـ چېچەكلەرگە
ئىزاھات بەرگۈدەك بولمىدىم تېخى.

قىرىق كۈن چۈش كۆردۈم تاكسىغا چىقىپ،
قىرىق كۈن ئۇخلىدىم چاچلار تۈنىدە.
قىرىق كۈن مەن ئۈچۈن يىغلىدى قۇياش،
قىرىق كۈن قان ئاقتى قۇشلار كۈيىدە.

ئاداققى رېئاللىق پۈتتى ئاشۇنداق،
ئايلاندىم نېمىگە بىلمەيمەن ئېنىق.
سەن ئېغىز ئاچمىدىڭ سۆيگۈ ھەققىدە،
مەن ئېغىز ئاچمىدىم بەخت توغرىلىق...

# گرداب

سەن ماڭغان يوللاردىن تۆغۆلار باھار،
ماڭىلا تالىق بوپ قالار ئايازىڭ.
كۆلكەڭگە چېچەكلەر قىلىدۇ سەجدە،
نۇر بولۇپ ئاققاندا مەيىن ئاۋازىڭ.

نېچۈنكى، تارلاردىن سويۇلىدۇ مۇڭ،
نېمە ئۇ بىلمەستىن تېخى مۇھەببەت.
نېچۈنكى، دۇنيادا قالىمەن يالغۇز،
ھەمراھىم بولۇپلا شېرىن ئازاب- دەرد.

... تۇيمايلا قالىدۇ كەچكۇز كەلگەننى،
ئاپتوبۇس يېنىدا جۇغۇلدىغان تەن.
يادىڭدا ساقلانسۇن ئاددىي بىر ئىسىم،
مەن مەڭگۇ ئايرىلغان ئىككىنچى ۋەتەن.

* * *

نەقەدەر دەھشەتلىك ئىدى ئايرىلىش،
باغرىمدا چېچەكلەپ قالدى زىمىستان.
قىلىچنىڭ بىسىدا سەن كەتكەن يوللار،
سارغايغان روھىمغا تۆكمەكتە خازان.

سەن كەتتىڭ، يىراقلاپ كەتتى مۇھەببەت،
سەن كەتتىڭ يىراقلاپ كەتتى ۋەتىنىم.
گويا قەبىلىسىدىن ئايرىلىپ قالغان،
بىر يېتىم بالىمەن، چۆللەردە تېنىم.

ئۆلۈمنىڭ باغرىغا تاشلىنىپ تۇرۇپ،
ئاھ ئەمدى نەھاجەت ئەسلەش ھەممىنى.
بىلدۇردى بۇ ھايات ئايرىلىشتىنمۇ،
سۆيۈشنىڭ نەقەدەر دەھشەتلىكىنى...

# پەرياد چەكتىم

(باتۇر روزىنىڭ ۋاپاتىغا)

سۇرەنلەر ئۆچتى شەھەردە تىمتاس،
بۇلبۇلنىڭ باغرىدا كۆكلىدى يارا.
گۇل بەرگى توزىدى باھاردا يەنە،
دۇنياغا پاتمىغان بۇ لەھزە ئارا.

ھېچكىم يوق، سۇكۇتلەر بەھرىدە ئۇممان،
بىر بايراق يىقىلدى گويا كۆكسىمان.
شېئىرىيەت بېلىگە باغلىغاندا ئاق،
رىۋايەت تۇسىدە قالدى بۇ ماكان.

شۇنچىلىك ئاددىيغۇ ياشىماق دېگەن،
بىر بۇردا نان ئۇچۇن بىر تامچىلا تەر.
قۇياشقا كەينىڭنى قىلىپ تۇرغاندا،
تەقدىرنىڭ كۆزىدىن ساقىيدۇ زەھەر.

باغرىمغا قول سالدىم، تىترىدى جاھان!
سىماسىڭ يالت قىلىپ ئۆتتى قۇياشتەك.
تونۇشماق ئەزەلدىن، ئايرىلىش قىسمەت،
ھېچكىمگە ئەرزىمەي قالغان كۆز ياشتەك.

هاياتنى شىئىرغا كۆمگەندە شائىر،
قىرىق يىل يەتمەدى تاڭسۇق ئۆمۆرگە.
ھەيرانمەن، دەريادا ئاققاندەك تاھىر،
بىر ئىنسان پىتىپتۇ ئاددىيلا گۆرگە...

# ھېيتگاھ

ئاڭلىغۇم بار ناغرا ئۈنىنى
سۈنايىنىڭمۇ ھەم .
قايناپ كەتكەن كەچلىك بازاردا ،
رەستىلەرگە سىغدىلىپ بۇ دەم.
پىژ ـ پىژ كۆيۈپ تۇرغان كاۋاپلار،
پۇراتماقتا ئۇيغۇر ھىدىنى .
نىمانچىلا مەززىلىك دەمسەن ؟
كاۋاپتىن بۇرۇن پىشقان كاۋاپچى
قوشقان ئاڭا مۇھەببىتىنى .
باغرىڭدىكى لۈكچەك باللار،
بالىلىقىمنى يۈرەر كۆتۈرۈپ،
ئالالمايمەن ئەمما پۇل بېرىپ.
لۈكچەك ئىدىم مەنمۇ ئاشۇنداق،
مۇشت ـ پەشۋادىن ئاغزى ـ بۇرنۇم قان.
تەڭتۇشلارغا بولۇپ «قەھرىمان».
بىلمەيتتىم ئۇ چاغ، نېمە ئۇ ۋەتەن ــــ
نېمە ئۇ يۈرەكتە لاۋۇلداپ تۇرغان.
ھېيتگاھ تارىخىمسەن قان بىلەن پۈتكەن،
ئۆتتا كۆيمىگەن، سۇدا ئاقمىغان.
يۈرۈكۈم بىر قامۇستۇر گويا،
ھەممە بەتلىرى
مۇبارەك شۇ ئىسمىڭ بىلەن لىق تولغان ...

# قەشقەر راۋابى

ئۈجمىدىن يارالسا شۇنداق مۆجىزە،
تەھقىقتۇر بارچىنىڭ ھال ـ تاڭ قالغىنى.
ھېيتگاھتا يۈرەكنى ئەزدىغۇ بوۋاي،
ئاھ ، قانداق ئاھاڭدۇر ئۇنىڭ چالغىنى.

تارىلاردىن چېچىلار بەجايىكى ئوت،
بۇ ئوتلار روھىمنى ئەيلەر مالىمان.
ھەيرانمەن نېمىشقا كۆيمەيدۇ زەخمەك،
ھەيرانمەن نېمىشقا كۆيمەيدۇ جاھان.

بىر پۈتمەس سەۋداغا قالدىم مەن بۈگۈن،
كۈلپەتسىز بىشىمغا غوۋغا تېرىلىپ.
لەيلى چىداپتىكەن تاشۋاي كۈيىگە،
ئىشقتا يۈرىكى كەتمەي يېرىلىپ...

# چوغ ئوينىغان قىز

كاچكۆللاردىن چوغ تەردىم،
چوغنى مۇزلاپ سوغا چىققان
بىر قىزغا بەردىم.
قىشتا گۈل ئېچىلمايدۇ،
نەمخۇش ۋە ئاپپاق،
قار گۈللىرى قىلىدۇ چاقچاق
دېرىزە تۆۋىدىن كاچكۆلغىچە
كۆيۈك يۇلتۇزنىڭ ئىزى.
كۆيۈك بۇلبۇل.
قۇرۇپ قالغان گۈل.
كاچكۆلدا ئاي شولىسى
تەنها، يارقىن ۋە مۇڭسىز.
قول ئۇزاتتىم، مۇز ئالدىم،
مۇزنى قوينۇمغا سالدىم.
مۇز چوغ بولۇپ ئېرىپ كەتتى تېز —
مۇز ئىچىدە چوغ ئوينىغان قىز.

# قەقنۇس شەھرى

— يۇسۇپ ھۇسەيىن قەقنۇسقا

قەقنۇس شەھرىنىڭ
پۇقراسى بىر.
خۇداسى ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان،
ياشاشنىڭ ئۆزى سىر.

غايىبتىن خەۋەر يوق،
ئەمما كۆڭۈل توق.
كۈل دۆۋىلىرىنى چوقچىلاپ
سېنى تونۇدۇق.

ھەممىمىزدىن ئاۋۋال،
ھەممىمىزدىن كېيىن.
قۇياشقا يۇمۇلاق قانات سىزدى
ھاياتنى چۇۋۇۋاتقان يۇسۇپ ھۇسەيىن.

# كېچە ۋە ياستۇق

كېچە پارچە ـ پارچە بولۇپ قەلبىمدەك،
خىلۋەت ھۇجرىغا چېچىلغان.
ياستۇقنىڭ چەكسىزلىكىدە،
شەھۋەت گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلغان.
جىمجىت تىڭشايمەن پەقەت،
نامەلۇم بىر قىزنىڭ شىۋىرلىشىنى.
چاچلاردا كېچە پاراغىتى،
تەنلەردە كېچە راھىتى،
سۆيۈشلەر گوياكى كېچە سائىتى.
ھېچكىم يوق دۇنيادا،
سېنىڭ بىلەن مېنىڭدىن باشقا.
غالىبلىق بىردەملىك تىراگېدىيەدۇر،
قىستايدۇ قەلبىمنى ئۇنسىز يىغلاشقا.
ئەي ئېغىر دەملەر،
ئەي ئېغىر قۇربان بېرىشلەر،
كېچىنىڭ سۇكۇتلۇك تەبەسسۇمىدا،
ئۇمىدنىڭ باغرىغا يايار يەلكەنلەر.
ياستۇقنىڭ يېرىمى مەندىن يىراقلاپ كەتكەن،
كېچە؟ خىياللىرىمغا ھۆرلۈك بەخش ئەتكەن،
ياشايمەن نېمىنى يەنە ئارزۇلاپ؟
ئادەملەر بىلمەيدۇ، بىلمەيدۇ زىنھار،
كۆڭۈلنى بىردەملىك خۇش قىپ ئۆلتۈرەر،

بۇ دۇنيا گوياكى سەتەڭگە ئوخشاپ.
كېچە ياستۇققا ئايلانغان،
ياستۇق كېچىگە ئايلانغان.
يۈرەك بىر كۆلەڭگىدۇر —
ئۇندا لەيلەپ يۈرۈيدۇ سەرسان.



# سىنتەبىردىكى سېغىنىش

مەن قاچان كىرگەنتىم ئېزىپ قوينۇڭغا،
بولۇپ بۇ دۇنيادا يارسىز، بىقەدىر.
نە ئۇچۇن يۈرەككە بەرمەيسەن ئارام،
يا ئۆچۈڭ بارمىتى مەندە سىنتەبىر؟

سېغىنىش، تەنھالىق، ئىگارسىز ياتاق،
نېمە ئۇ بىلمەيدۇ ھېچقاچان يۈرەك.
كۆزلىرىم ئىزدەيدۇ دۇنيادىن تىنماي،
تونۇشلا بىرسىنى بولۇپ پايپېتەك.
ناخشىلار كەتسىمۇ قەلەندەر بولۇپ،
كەلمەيدۇ ھېچ يەردىن ئۈنىڭدىن دېرەك.

ئۇپرىغان تۆمۈر كەش، تەشكەن ئۈنى ياش،
كۆز ياشىنىڭ ئىچىدە تۇغۇلغان قۇياش.
ئايلانغان يىغىنىگە تۆمۈر ھاسىمۇ،
سېغىنىش ئۇپراتقان يۈرەككە ئوخشاش.

سىنتەبىر ياپراقلار سارغايغان پەسىل،
ئالمىلار ئوتقاشتەك رەڭ ئالغان ئەمما.
مەن سېنىڭ قەلبىڭدە ئۇنتۇلدۇم نېكەم،
سەن مېنىڭ قەلبىمدە شېرىن مۇئەمما.

## تۇرىمەن بىر سېنى قايغۇلۇق سۆيۈپ...
(سونېتلار)

1

ئايىغىم ئاستىدا غاراسلايدۇ قار،
دەرەخلەر چېھرىدە ئاپپاق سۇكۇنات.
دەرەختە پەرۋاز يوق، دەرەختە قانات،
ئۇچالماس ھېچ ياققا سېغىنىپ باھار.
تۇرنىلار قونمايدۇ ئەمدى قەلبىمگە،
ئاھ ئۇندا بىر ھىجران تۇرار يىپىلىپ.
قۇرۇغان گۇللەرنى قولۇمغا ئېلىپ،
ئىشىكىڭ ئالدىدا تۇردۇم جىممىدە.
يوقالدى ھەممىسى شېرىن چۈش مىسال،
قىلالماس ئۇ مەڭگۇ يۈرەكلەرنى لال.
يالغۇزمەن تەڭرىنىڭ يالغۇزلۇقىدەك.
سۆزلەيمەن پەقەتلا ئازاب توغرىلىق،
ئازابتىن باشقا ھېچ كەچۈرمىشىم يوق،
ئۇ شۇنچە ئۇزۇنىدۇر سامان يولىدەك.

2

سۆيگۈنى باھارغا قىلغاندا قىياس،
خىلۋەتتە ئۇنسىز ياش تۆكمەكتە بىراۋ.
ئەڭ تاتلىق ھېسلارنى باسقاندا قىرووۋ،
مۇزلىغان لېۋىمدىن ئۆچتى ئېھتىراس.
سۆيگۈ ئۇ ياستۇقتىن ئۇچقان كېپىنەك،

سۆيۈپلا قاچىدۇ لەۋلەرنى ھامان.
يۇمران بەرگلەردە ئۆيۈپ قالغان قان
مەڭگۈلۈك ھىجراندىن بېرىدۇ دېرەك.
چاڭقىغان قۇملۇقتۇر ئاشىق يۈرىكى،
يۇكلەنگەن ئۇنىڭغا سېغىنىش يۈكى،
يۇكلەنگەن ۋە يەنە ئۇنسىز چېكىش دەرد.
تۇرنىلار سامادا سالغانچە چۇقان،
كەلسىمۇ باھارنى يېتىلەپ بۇئان،
كەلمەيدۇ ئەگىشىپ تۇنجى مۇھەببەت.

3

توزىدى ئاسماندا گۈلگۈن چېچەكلەر،
نېمىشقا بۇ كېچە تاتىرىدۇ ئاي؟
بۇ قەلبىم گوياكى تاشلاندۇق ساراي،
قېنىمدىن بۇقۇلداپ ئۇچقاندا كەپتەر.
تۇرىمەن بىرسېنى قايغۇلۇق سۆيۈپ،
تۇرىمەن دۇنيانى يالغۇز باغاشلاپ.
نە قىسمەت، نە تەقدىر؟ كۆزۈمنى ياشلاپ،
يۈرىمەن گۈلخاندا مۇز بولۇپ كۆيۈپ؟
ئامان بول مەڭگۈگە قارا كۆزلۈك قىز،
بەختلىك چاغلارنى ئەسلەپ تۈيۈقسىز،
يۈرىكىڭ چەكمىسۇن زىنھار پۇشايمان.
بىز بۇنچە يېقىندا ياشايمىز بىراق،
مۇزلىغان يۈرەككە چاچار خۇش پۇراق،
قىلىچىنىڭ بىسىدا ئېچىلغان رەيھان.

# دېرىزە تۈۋىدە مۇڭلىنىدۇ ئاي

دېرىزە تۈۋىدە مۇڭلىنىدۇ ئاي،
تۆكۈلەر سامادىن كەچ كۈز يامغۇرى.
نەدىندۇر ئاڭلىنار مۇڭلۇق نەي كۈيى،
نەدىندۇر ئاڭلىنار مۇھەببەت خورى.
ئەي قىزلار ئوخشايسەن يۇمران چېچەككە،
كەچ كۈزدۇر دۈشمىنىڭ، قىشتۇر دۈشمىنىڭ.
ئادەمنى بەزىدە ئالدار كېلەچەك،
مۇز بولۇپ قاتىدۇ تومۇردا قېنىڭ.
كۆزۈڭنى يوشۇرغان چۈمپەردە سېنى،
دۇنيادىن بىخەۋەر قىلىپ قويار گاھ.
بەزىدە ئالدايدۇ ئاتا ـ ئانىڭمۇ،
بەختىڭنى تىلىشىپ، بولالماي پاناھ.
دېرىزە تۈۋىدە مۇڭلىنىدۇ ئاي،
بارغانچە نۇرلىنىپ بارىدۇ ئۇپۇق.
كۆز يېشى قېتىلىپ بارار يامغۇرغا،
ئەتىلا ئۇ ئەمدى بۇ ھۇجرىدا يوق...

# ئاھ، سەن...

ئاھ سەنلا يىراقسەن مەن تۇرغان يەردىن،
مەجنۇنمەن ھۆسنىڭنى كۆرەلمەي بىر رەت.
غايىبتىن شۇم خەۋەر ئىشتكەندىن باشلاپ،
يوقالدى دۇنيادىن گويا ھەقىقەت.

سەن ئۇچۇن تىزىلغان گۈلدەستىلەرنى،
بىز يۇرگەن يوللارغا چاچتىم ئامرىقىم.
سەن ئۇچۇن يېزىلغان لىرىكىلارنى،
ئۆلۈمنىڭ كۆكسىگە ئاتتىم ئامرىقىم.

شارابلار كۇۋەجەر كۆز ياشلىرىمدەك،
قېنى ئۇ پورەكلەپ تۇرغان لالەجان؟
كۆمۈلدى تۇپراقتا تۈنجى مۇھەببەت،
قالغىنى پەقەتلا مەڭگۈلۈك ھىجران.

دوستلىرىم كەلگەندە مېنى سېغىنىپ،
دېيىشەر: «كۈت ئۇنى، كېلىدۇ چوقۇم.
ئايازنىڭ كەينىدىن كەلگەندەك باھار،
قىلىدۇ بىر كۈنلەر بەخت تەبەسسۇم».

دوستلىرىم كەلگەندە مېنى سېغىنىپ،
تۈگىمەس بەزلىشىپ ئېيتقان سۆزلىرى.
يوشۇرماق بولىشار مەندىن ھەممىنى،
ۋەلېكىن پىنھاندا يىغلار ئۆزلىرى...

# يېرىم كېچىدىكى تەنھالىق

سۆگەكسىز كېچىنىڭ تېنىنى سۆرەپ،
كارۋاتقا يېقىنلاپ كەلدى تەنھالىق.
بىر دەھشەت ئاۋازدىن يېرىلدى تاملار
كۆكلىدى توپانلار، ئۈزۈلدى تىنىق.

كۆيگەندە كۆزنەكتىن خىرە باقار ئاي،
ئۆرتىلەر نۇر ئىچرە يالىڭاچ بىر تەن.
ئەينەكلەر چېقىلغان ھىجرانكار قىزدۇر،
چېقىلغان ئەينەكلەر ئاخىرقى ۋەتەن.

سېغىنىش شۇقەدەر ئاددىي بىر ئۇقۇم،
تەنھالىق يۈرەككە قادالغان ئوقيا.
مۇز گۈلى بەرگىدە كۆيىدۇ گۈلخان،
روھىمنىڭ قانىتى سۇنغان مىنۇتلار...

# ئۆرۈمچىگە خەت

دەرەخلەر بىلمەيدۇ سەندە ئىسمىمنى،
قۇچقاچلار سۆزلىمەس مېنىڭ تىلىمدا.
مۇزدەك قۇچىقىڭدا مۇزلىغان تېنىم،
مۇزلىغان تالاي رەت يۇرىكىم ھەتتا.

كېچەڭ-كۆيدۇرۇلگەن سۆيگۈ شېئىرىم،
كۆيۈك تۇنلەردە يازغان قىزلارغا.
شەمشەر بولۇپ ئەگىم ئاي شۇچاغ،
پېتىپ كەتكەن مېنىڭ باغرىمغا.

دۆڭ كۆۋرۈكتىكى كاۋاپ ھىدىنى،
پۇرىمىقىم تەستۇر قايتىلاپ.
سەرسانلىق، مۇھەببەت، ھەسرەت ياشلىرى،
كەلمەيدۇ ھېچقاچان پېقىرنى يوقلاپ.

چالا كۆرگەن چۇشۇم ئۇرۇمچى،
چوغ ئىچىدە تۇرىسەن يېنىپ.
سۇ سېغىنغان سۇلۇق ئەر كەبى
سېغىنىمەن سېنى سىلكىنىپ...

# ناتونۇش قىز خاتىرىسىگە

ناتونۇش قىز بىلەمدۇ قەلبىمنىڭ،
شائىرلىقىم ئازاب تۇپەيلى.
ئازابلاردىن پۈتكەن شېئىردا،
ئازاب بولۇپ تۆرەلسەڭ مەيلى.

ھەر مىسرادا سېنىڭ ئاۋازىڭ،
چاقىرىدۇ ئىسمىمنى رەت ـ رەت.
ھەر مىسرانىڭ كۆز ياشلىرىدا،
كۆيلىنىدۇ دەردلىك مۇھەببەت.

ئاھ سەن مېنىڭ بۇزۇلغان چۇشۇم،
ۋە بۇ چۇشۇم سۆزلىگەن چۆچەك.
مەيۇسلىنىپ تۇرغان تۇرقۇڭنى،
ئەسلەشىمدۇ خالىماس يۈرەك،
ئۇنتۇشىنمۇ خالىماس يۈرەك.

# ئەسنەۋاتقان مۆشۈكياپىلاق

ئۆلگەن ياپراقلارنىڭ شاھىدى بولۇپ،
كۆز مۈزىكىسىغا سالغانچە قۇلاق؛
جىمجىت دالادىكى دوڭغاق سۆگەتتە،
ئەسنەپ ئولتۇرىدۇ مۆشۈكياپىلاق.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ھارغىن دۇنيادا،
نە مەۋجۇت بولسۇن يېشىللىق ئەۋجى؛
نە مەۋجۇت بولسۇن يېشىل مۇھەببەت،
نە مەۋجۇت بولسۇن دولقۇنلار مەۋجى.

ۋاقىت قەبرىسىدىن ئۈنگەن سۆكۈتتە،
سۆزلىمەك بولار ئۇ سوغ كەچمىشىنى.
مەڭگۈ قۇتۇلالمىغان سەرسانلىقىنى —
ئولۇسى دەردىدە تۆككەن يېشىنى.

سۆگەتتە مۈگدەيدۇ مۆشۈك ياپىلاق،
ھېچكىم يوق بىر دۇنيا ئالدىدا زاھىر.
نە نەپرەت قەلبىدە، نە سېغىنىش ھەم،
ئۆچمەكتە ھەممىسى ھالسىراپ بىر - بىر...

# كېچە تەزكىرىسى

سېغىنغۇدەك نېمە قالدى دۇنيادا،
قاراڭغۇلۇق قورشاپ تۇرار تېنىمنى.
شېئىرىمغا ئاشىق بولغان قىزچاقلار،
بىلمەس ھەرگىز بۇنچە سەرسانلىقىمنى.

تۇن بارمىقى چاچلىرىمدا سويلايدۇ،
سۇكۇتتىكى يۇرىكىمدە مۇزلار قان.
بىرلا قەدەم... ئالدىمدىكى ئىشىككە،
بىراق ئۆيدىن چىققىنىم يوق ھېچقاچان.

ئۇخلا ھەممە قوشۇپ مېنىڭ ئۇيقۇمنى،
تۇنىنىڭ ماموق قۇچىقىدا مەست بولۇپ.
كۆز ئالدىمدا ھاياتلىقنىڭ تاۋۇتى،
تۇمان ئىچرە بارار ئاستا يوقىلىپ.

يەرشارىدا يالغۇز قالدىم بۇ كېچە،
نە سېغىنىش يۇرىكىمدە، نە غەزەپ.
بىر تال يۇلتۇز ساقىپ چۈشتى ئاسماندىن،
نېمىشقىدۇر يىغلىۋەتتىم ئېسەدەپ...

# يالغۇز توغراق

ساڭا ھېچكىم تۆكمەيدۇ كۆز ياش،
بورانلاردا قالساڭ قىيسىيىپ.
كۈز پەسلىدە يوپۇرماقلىرىڭ،
تۆكۈلسە ھەم يەرگە سارغىيىپ.
ساڭا ھېچكىم تۆكمەيدۇ كۆز ياش،
قۇرۇپ قالغان شاخچىلىرىڭنى،
ئوتۇنچىلار كەتكەندە كېسىپ.
قىش پەسلىدە تىترىسەڭ دىر - دىر،
يېتىمچىدەك بوينۇڭنى قىسىپ.
ئاھ، يېگانە ئۆسكەن ئاق توغراق،
ساڭا ھېچكىم تۆكمەيدۇ كۆز ياش،
ياش تۆكىسەن ئۆزۈڭ - ئۆزۈڭگە.
كۆكىرىسەن ئاشۇ يېشىڭدىن،
باھار بىلەن تولۇپ ھۆسنىڭگە!



# كېچىكىش

تال ـ تال زۇلفىڭ سىڭگەن قارا تۈن،
دېرىزەڭدىن ئۆچتى بىر ئاۋاز.
دېرىزەڭدە سولدى بىر غۇنچە،
دېرىزەڭدە باشلاندى ئاياز.
يول بەك ئۇزۇن، چىقالماي باشقا،
كېچىكتىممەن ئۇنى ئاسراشقا.
ماموق قەلبىڭ مۇزدەك ئاسفالت،
تالاي بەڭباش ئۆتۈشكەن دەسسەپ.
بەرگىڭدىكى تاتلىق شىرنەڭنى،
كېپىنەكتەك شۇمۇشنى قەستلەپ.
يول بەك ئۇزۇن، چىقالماي باشقا،
كېچىكتىممەن ئۇنى ئاسراشقا.
كەچۈر، تۇرمۇش ئەمەس مۇدھىش چۈش،
ئويغانساڭلا قايتار ئەسلىگە.
مىليون باھار بېرەلمەس ھۆسن،
سەن يوقاتقان باھار پەسلىگە.
يول بەك ئۇزۇن، چىقالماي باشقا،
كېچىكتىممەن ئۇنى ئاسراشقا.
ئاچچىق يىغاڭ تۆكسىمۇ يامغۇر،
ئۆتمۈشۈڭگە تەكرار ۋە تەكرار.
قايتىلانماس مەڭگۈ ئۆمرۈڭدە،
ئون سەككىزگە كىرگەن بۇ چاغلار.
يول بەك ئۇزۇن، چىقالماي باشقا،
كېچىكتىڭسەن ئەمدى يىغلاشقا...

# سۆيگۈ تەلپۈنۈشلىرى

1

چېچەكنىڭ نەۋباھار بولماي لېۋىنى ئاچقىنى نەدە؟
لېۋىنى ئاچمىسا خۇشبۇي ھىدىنى چاچقىنى نەدە؟
ھىدىنى  چاچمىسا بۇلبۇل پىراقتىن ئۆرتىنىپ ئاھ سېلىپ،
تىكەنگە كۆكسىنى باغ ـ باش ئېتىپ ھەم ياققىنى نەدە؟
تىكەنگە ياقمىسا كۆكسىنى چېچەكنى خەيرىخاھ ئەيلەپ،
كى بۇلبۇل رايىغا مەستخۇش، خىرامان باققىنى نەدە؟
خىرامان باقمىسا تۈنلەر بېشىدا ئۇلتۇرۇپ بىدار،
ۋىسالگاھ ئىنتىزارىنى كۈيىگە قاتقىنى نەدە؟
كۈيىگە قاتمىسا ئۆلمەس مۇھەببەت بىرلە جانانى،
بۇ ئۈيغۇن قەلبىنىڭ بۇنچە خىيالغا پاتقىنى نەدە؟

2

نە بولغاي گۈل بېغىم ئىچرە قەدىمىڭنى بۇراپ قويساڭ،
نە بولغاي سەن ئۈچۈن تەرگەن گۈلۈمنى بىر پۇراپ قويساڭ.
نامازشام جىلۋىسى ئاستا يوپۇرماققا ئاسار كۆز ياش،
نە بولغاي كۆز نۇرۇڭ بىرلە ئۇنى نۇرغا ئوراپ قويسا.
ئەنە ئاي بالقىدى كۆكتىن كېلەر باغرىم تامان لەيلەپ،
نە بولغاي ئاي يولىنى سەن چېچىڭ بىرلە توراپ قويساڭ.
يېشىل چىم ئۈستىدە قەلبىم ياتار مەستخۇش بولۇپ چاك ـ چاك،
نە بولغاي لەۋلىرىڭ بىرلە ئۇنى ھىدلەپ شوراپ قويساڭ.

بۇ ئۇيغۇن ئىستىقامەتتە ئۇزاتتى قانچە تاڭلارنى،
نە بولغاي ھالىنى بىر پەس بولۇپ غەمخان سوراپ قويساڭ.

3

سەھەر گۈلشەنىدە سۆيگۈ چىچىپ بىر غۇنچە تال پەيدا،
گۈزەللىك تەختىدە سۇلتان كى يەڭلىغ خۇش جامال پەيدا.
ئىپار ھىد ئىزدىدى ئەزگۈ شامااللار جادۇ چاچىدىن،
قۇياشتەك مەڭزىدە بىر خال، قېشىدا جۇپ ھىلال پەيدا.
كى بۇلبۇل بەزمىسى ئەزدى چىمەننىڭ چوغ يۈرەكىنى،
چىمەندەك چوغ يۈرەكىمدە چىمەندەك ئاشۇ ھال پەيدا.
ئۇزاپ نۇر سەتھىدە نازۇك بەدەن بىر نۇرغا ئايلاندى،
كۆزۈم يىتتۇرسە ئول نۇرنى قۇياشسىز تۈن-زاۋال پەيدا.
ئىشق خۇمدانىدا بىر خىش بولۇپ تاۋلاندى بۇ ئۇيغۇن،
قاچانكى سۆيگۈ بابىدىن بولۇپ قۇتلۇق خىيال پەيدا.

4

قەدەھتەك بۇ جاھانغا مەي قۇيۇپ ئىچسەم دېسە ھەييام،
دېگەنكەن مەيپۇرۇش ئىچكىن ئىچىشكە ئەرزىسە ھەييام.
ئىچەي دەپ مەيخانىدىن ھېچ چىقالماي كېچە ۋە كۈندۈز،
تېپىلماي قالسىمۇ ئۇلپەت ئىچىپتۇ ھەدېسە ھەييام.
ئارامىلىق بەرمىگەچ قۇتراپ دىلىدا تەڭرىلىك دەۋا،
بۇ دەۋانى قىلالماي ھەل چېكىپتۇ دەرد يەنە ھەييام.
نېچۇن بۇتنايسەنا دىلبەر تەرك ئەت مەينى دەپ ھەردەم،
بوغار قەلبىمنى ناشۇدلۇق مەرگەر قول بەرمىسە ھەييام.
ئىچىشنى تەرك ئىتەر بولسام ئۇزاتقىن سۆيگۈ جامىنى،
شۇ چاغ مەيلىتى مەڭگۈگە قاۋاقتىن ھەيدىسە ھەييام.

5

پەلەك ھەييارلىقىدىن ھەر قەدەمدە ئىمتىھان ئەتتى،
چؤۋؤپ ئىستەكلىرىمنىڭ باغرىنى گوياكى قان ئەتتى.
قاناتسىز تەنلىرىمدىن ئؤركىسە شادلىق، خىراملىق،
نادامەت قؤشلىرى روھىم بېغىنى ئاشىيان ئەتتى.
مەگەر زەر تارىدىن قەلبىم مؤقاملار ئەۋجىگە چؤشسە،
ئىشق زىندانىغا ھەيدەلگؤچى مەھبؤسنى خان ئەتتى.
پەرىلەر كؤلكىسى شؤندا سىلاپ دەردلىك يؤرىكىمنى،
جاھان غوۋغاسىدىن تارتىپ كى شادلىق ئارمىغان ئەتتى.
نىگارسىز ئۆرتىنىپ ياتسام ئؤزاق تؤنلەردە ئؤھ تارتىپ،
ماڭا سۆيگؤ پىغانىدىن مؤقام سۆيگؤ بايان ئەتتى.
پەلەك ھەييارلىقىدىن ھەم كى يوق پەرۋايى ئؤيغؤنىنىڭ،
مؤقام ئاتلىق نىگاردىن ئؤ نىگار ۋەسلىنى شان ئەتتى.

6

كۆزؤڭگە مەھلىيا قەلبىم، كۆزؤڭ يؤلتؤزغا كان بەلكى.
چىمەن كىرپىكلىرىڭ ئاشىق دىلىمغا بىر كامان بەلكى.
ئؤنىڭ قىيناشىدىن مەڭگؤ سېزەرمەن دىلرەبالىقنى،
گويا جەننەتتىمؤ بولماس بؤ يەڭلىغ ھۆر ماكان بەلكى.
قاچان كۆردؤم كۆزؤڭنى مەن چىمەن كىرپىكلىرىڭ ئىچرە،
بىھوش جىسمىمغا ئەپكەلدىڭ مؤھەببەتلىك زامان بەلكى.
دەقىقە كۆرمىسەم ئاشؤ كۆزؤڭنىڭ شوخ جؤلاسىنى،
يولؤمنى توسقؤسى كؤرمىڭ قاباھەتلىك داۋان بەلكى.
ئؤزاپ كەتتى تالاي كؤنلەر بؤيؤك ئارمانغا يول بەرمەي،
بؤيؤك ئارمانلىرىمغا سەن بولؤپ قالدىڭ خاقان بەلكى.
جېنىمنى ئالغؤسى بىر كؤن نىگار ۋەسلىگە مؤشتاقلىق،
ۋىسالىنىڭ دەملىرى كؤلگەي ئۆزؤڭ قىلساڭ ئاسان بەلكى.

7

چېچىڭ بەرقىگە تۈن قونسا چېچىڭ مەبۇدقا ئايلانغاي،
ھىلال قاشىڭدا يۇلقۇنسا ھىلال بىر مۇتقا ئايلانغاي.
نىگاھىڭ تەرزىدىن ئاقسا چىمەنلەر كۆكسىگە يۇلتۇز،
قۇچاقىڭ مىسلى ئاتەشلىك گۈلىستان يۇرتقا ئايلانغاي.
سۆزۈڭ بەھرىگە چىرماشسا خىيالچان تەلپۈنۈش، بۇتىناش،
چېچەكلەر مەڭزىگە ئاققان يېشىڭ ياقۇتقا ئايلانغاي.
ئۆيۈڭدىن تولغىنىپ چىقسا يىلانلار تاشلىشىپ قاسراق،
ھەسەتنى بەچچىدان ئەيلەپ چىرايى جۇتقا ئايلانغاي.
ئارامگاھ باغلىرىڭ ئىچرە ئىزىڭ قۇتلۇق مۆھۈر باسسا،
چېكەڭنى تەخت قىلىپ رەيھان لاۋۇلداپ ئوتقا ئايلانغاي.
قىرىق تال پۇرمە چېچىڭنى دولاڭدا سويلىتىپ ماڭساڭ،
قىرىق كۈن مەست بولۇپ ئالەم گويا بىر بۇتقا ئايلانغاي.
دىلىمنى چالغىتىپ ھىجران ئارامىلىق بەرمىدى كۈن-تۈن،
غېرىب كۆلبەمگە بىر كەلسەڭ ئۆمۈرلۈك قۇتقا ئايلانغاي.

8

مېنى شەيتانغا ئالداتما ئۆزۈڭ ئالداپلا قاچقايسەن،
مۇھەببەت ئالىمى ئىچرە قۇيۇندەك پىرقىراتقايسەن.
نازاكەت ياچىقىدىن ئوق ئۈزۈپ باغرىمنى قان ئەيلە،
بۇ كەۋسەر قان جۇلاسىدىن ئۇپۇققا ھەل يالاتقايسەن.
نەھاجەتتۇر بىھوشلانسام، يۈزۈمگە گۈل سۈيى چاچماق،
كۆزۈڭ لەشكەرلىرىگە بىتېنىم تىنتىپ تالاتقايسەن.
ھوشۇمنىڭ بارىدا خۇلقۇڭ ماڭا قان كۆكلىگەن زىندان،
مۇھەببەت ئىستىلاسىدىن مۇشۇنداق قاغجىراتقايسەن.
ھاياتنى چۇش دېگەن ئەردىم، چۇشۇمنى سەيلىتىپ كەتسەڭ،
بۇزۇلغان چۇشلىرىمنىڭ بارىنى كۈلكەڭدە چاققايسەن.

تىرىلگەن چاغدا ۋەسلىڭنىڭ دەقىقە نۇر زىياسىدىن،
ئەجەبكىم، غەمزەلىك كۆزدە دەقىقە بىرلا باققايسەن.
ئىشق زەنجىرلىرى شۇ چاغ ئۈزۈلسۇن ئاھۇ - دادىمدىن،
رەھىمىڭ كەلسە بىر نۆۋەت ۋىسال ئىشكىنى ئاچقايسەن.

## 9

## (بىر شائىرنىڭ ۋاپاتىغا)

قەي قىلىپ كەتتىڭ زامانىنى نەزمىنىڭ پەيمانىدا،
قاندى شەيتانلىق ھەۋەسلەر ئاشۇ قەينىڭ شانىدا.
سەن ئۆلۈمنى مىڭ قېتىملاپ ئۆلتۈرۈپ كۆلكەڭ بىلەن،
مىڭ تىرىلگەن قەقنۇستەك سۆيگىنىڭ گۈلخانىدا.
يوللىرىڭنىڭ قانسىراپ تۇرغان لېۋىدە بىر ئۈمىد،
سەن ئۇنى چىققان ياساپ ئاشىق يۈرەكنىڭ قانىدا.
ئەكچىگەن نۇرلار ئارا يۇلتۇزلار قۇچماقتا سۈكۈت،
بۇ سۈكۈتلەر ياش بولۇپ دەۋرەيدۇ قەبرەڭ يانىدا.
ئۆلمىدىڭ، كەتتىڭ گويا قايتا ھاياتلىق تاپقىلى،
بىز ئۇنى قالدۇق كۈتۈپ سەنسىز بۇ مىسكىن خانىدا.

# ھىجران يىلتىزى

(نەۋايى غەزەللىرىگە تەخمىسلەر)

مۇقەددىمە

بەش ئەسىر ئۆيقۇدا ياتقان چۆل ئارا بىر ئۈن كېلۇر،
ئۇندا «دىۋان»نى قۇچاقلاپ ھالەتى مەجنۇن كېلۇر.
بىر تەرەپتە تۇغ بولۇپتۇ ھەزرىتىمگە زەر قۇياش،
بىر تەرەپتىن سۇڭدىشىپ ئايسىز تاتارغان تۈن كېلۇر.
ھەر قەدەمدە بىر سوئال تاشلاپ ئۆتەر دۇنياغا ئۇ،
شۇ سوئالنى يەشكىلى مەشرەپ يۈرەكى خۇن كېلۇر.
شۇ سوئالدىن ئويغىنىپ ئەرشى تېپىپتۇ ئەسلىنى،
نەۋبەتى، گۇمنام، زەلىلى... ھەممىسى سۇلغۇن كېلۇر.
خانىقالار ھۆكمىنى سۇندۇردى كۈيلەر نەرىسى،
ئۇشبۇ ۋەھدەتتە قاياقتىن تاپ بېسىپ ئالۋۇن كېلۇر؟
قىز پېتى قالدى جاھان ئۆلگەن يۈرەكلەر تەكتىدە،
ئۇشبۇ قىزنى ئەپكېتىشكە توختىماي پەيتۇن كېلۇر.
ئاشىنالىق ئارمىغان بولدى نەۋايىدىن بۈگۈن،
ئول پىرىمنىڭ خەزىنىسىنى ئاقتۇرۇپ ئۇيغۇن كېلۇر.

1

ماڭا نە مەنزىلۇ مەئىۋا ئەيان نەخانۇمان پەيدا،
سىنىڭ ھىجرىڭدە بۇ غەمسىز يۈرەكتە لەختە قان پەيدا.
ئەقلىنىڭ قۇشلىرى قوندى سولاشقان بەرگى ياپراقغا،
جاھان ھۆسنىدە سۆيگۈمدىن بولۇپتۇ زەپىران پەيدا.
ناۋالار ئەيلىسە بۇلبۇل قىزىل گۇل ئىشتىياقىدا،

كى تاڭ چېھرىدە ھىجرەتنىڭ دالاسىدەك تۇمان پەيدا.
شەبىستان كۆيلىرى كەتتى يىراقلاپ ئاستا كۆلبەمدىن،
ھىلالنىڭ كۆز يېشى تامغاچ چىمەندە مۇڭ ـ پىغان پەيدا،
بۇ تەن پەرۋازىدىن قالدى ئۇنىڭ مولجالى تىمتاسلىق،
سۇكۇت ئەۋجىدە روھىمدا ياراقسىز پەھلىۋان پەيدا.
خىيال دەپتىرىدىن زەر گۈن پەلەكنىڭ شولىسى يىتتى،
پەلەك دىشۋارىدىن بولدى گويا ئاخىر زامان پەيدا.
چېچىڭ زۇلمىتىدىن كۆيگەن كېچەڭگە ئاشىنا چۇشلەر،
شۇ چۇشلەر سەتھىدە بولغاچ ھەۋادەك مېھرىبان پەيدا،
ئىشق زەنجىرىدە مەڭگۇ بۇ ئۇيغۇن قەلبى باغلاقلىق،
نەھاجەت ئىستىمەك خۇشلۇق، يېنىدا ئۇل جانان پەيدا.

2

جان يېتىپ ئاغزىمغا تاپماق دەردى ھىجراندىن خالاس،
نەكى ھىجران بەلكى بولدۇم ئابھايۋاندىن خالاس.
كىرپىكىڭ ئوقياسىدىن سولدى چېچەكلەر جىلۋىسى،
ئەيلىگەي كىم باغباننى ئۇشبۇ غەلياندىن خالاس؟
زۇلفى قەللابىڭ مېنى ئالدى بوغۇپ، يوق ئىختىيار،
كۆزلىرىم بولماس نېرى بىر لەھزە توپاندىن خالاس.
ئاھ، ئىشق زىندانىدا قىينالغۇچى بىر مەن ئەجەب،
خۇددى قۇش بولغان كەبى پەرۋازى جەۋلاندىن خالاس.
ئىزدىبان سۆيگۈ گۈلىستانى زىمىستان قوينىدىن،
ئىشقى گۈللەرنىڭ دىلىمدا بولمىدى قاندىن خالاس.
بۇ جۇنۇن سەھراسىنىڭ خىلۋەت راباتى قايدىدۇر،
جىلۋىسىز ئازغۇن ۋىسال قىلماس سەراتاندىن خالاس.
مۇڭدىشىم بولدى پىراقىنىڭ ئەۋجىدە تەنھالىقىم،
ۋەھدىتىم جامىدا مەي بولماستا شەيتاندىن خالاس.

بۇ هاياتقا ساختىلىقتىن ياپما پەردە ئەي پەلەك،
قىل مېنى جاندىن خالاس، قىلغۇچە جانانىدىن خالاس.

3

يارەب، ئول يۈزنى دەمى كۆزۈمگە پىنھان ئەيلىمە،
ئاشىنالىق دەستىدىن ھالىم پەرىشان ئەيلىمە.
ئوت قويۇپتۇ بۇجاھانغا مەشۇقۇمنىڭ غەمزىسى،
بىرلا مەن تۇترۇق بولاي ئۆزگىنى قۇربان ئەيلىمە.
يايمىسۇن زۇلپىنى ئۇ، يالمار قۇياشنى سويلىشى،
تاڭغا تەشنا بۇ يۈرەكنى تىغ ئۇرۇپ قان ئەيلىمە.
باغلىرىمدا گۈل ـ چېچەكلەر بولمىسۇن زىنھار خازان،
شۇ نىگارىم ھۆسنىنى بۇ باغدا مېھمان ئەيلىمە.
نە ئەجەبكىم مەي بىلەن ئازسام ھوشۇمدىن بىر يولى،
نازىنى ئول پەرىنىڭ ئالدامچى شەيتان ئەيلىمە.
يول سېلىپ چىقتىم بۇگۈن ئەيلەپ ھىلالنى قولۋىقىم،
كۆز يېشىمنى ناگىھان بۇ يولدا ئوكيان ئەيلىمە.
قۇللۇقۇمنى ئەيلىگىن تەن بىر ئۆزۈمگە تائەبەد،
باش پاناھسىزلا ئۆلەي، شۇل يارنى سۇلتان ئەيلىمە.
جان قۇشى قاقسا قانات قونغاي شېخىغا سۆيگۈنىڭ،
ئاشۇ تەرسانىڭ بىراق كۆكسىنى ئاسمان ئەيلىمە.
ئۇشبۇ ھىجران دەشتىدە ئۆلتۈرۈپ ئۇيغۇننى يار،
گاھ تىرىلدۈرۈپ يەنە تەڭرىمنى ھەيران ئەيلىمە.

4

جۇنۇن تاشى ئۇرۇپ ھەريان ياكى داغىمنى ئەفكار ئەت،
ھۆسن باغىڭغا ئەي رەنا مېنى ئاشىق خېرىدار ئەت.
كۆزۈم بىر لەھزە توختاتسۇن مۇھەببەت زۇلمىدىن توپان،

قارا كاكۇل چىچىڭنىڭ سۈيلىشىنى بىر ماڭا دار ئەت.
نىتەي سىنەم ئارا كۈلسە يەنە ئىشقىڭ گۈلىستانى،
تىنىم چۆللەرگە پالانسۇن ۋە مەيلى قەترىگە زار ئەت.
يۈرەك ئۆتمىتۆشۈك بولسۇن نىگاھىڭ خەنجىرى بىرلە،
شۇڭا لوقمانمۇ كار قىلماس بىمارلارغا نەمۇدار ئەت.
قاراقلار سەتھىدىن ئۆچسۇن ھىلالسىز تۇزىغان ئاسمان،
بۇ رەسۋالىق كوچاسىدا ناھاتكى بىر مىنى خار ئەت.
بۇ ھالىمدىن جاھان ئەھلى تۇتۇپ قالسۇن ياقاسىنى،
ۋاپا تەسۋىسىنى ئەمما ھامان بوينۇمدا زۇننار ئەت.
سىنىڭ كۈلپەتلىرىڭ بىرلە ساراڭ، تەلۋە ئاتالسامۇ،
بۇ ئۈيغۇننى ئاداققى رەت لىۋىڭدە ئىرگەن قار ئەت.

5

ئارەزىڭنى باغ ئارا چۈن كۆردى ھەيران بولدى گۈل،
قامىتىڭگە ئەي پەرى ئۈنسىز غەزەلخان بولدى گۈل.
بەرگىلەرنى تىترىتىپ ئۆتتى گويا كۈز سەلكىنى،
خۇددى مەندەك نائۇمىد قالدى پەرىشان بولدى گۈل.
رومىلىڭنى قايرىساڭ كۆيدى گۈرۈلدەپ بۇ جاھان،
بۇ مالامەت دەستىدىن بىر پەستە گۈلخان بولدى گۈل.
بىر نىگاھ بىرلە ئىتىلدى شۇ نىگاھتىن مىڭ باشاق،
ھالىغا مىڭ ۋايىكىم، جەڭگاھتا قۇربان بولدى گۈل.
يەنە بىر رەت ئەيلىدىڭ گۈلگۈن نىگاھتىن بۆسەلەر،
بۇ يۈرەكىمدەك شۇئان قاتمۇقات قان بولدى گۈل.
ئۈشبۇ قىسمەتتىن ياقاڭنى يىرتمىغىن ئەي بۇلبۇلۇم،
ئول نىگارىم ھۆسنىدە مەڭگۈگە مىھمان بولدى گۈل.
گۈل ئۈزەي دەپ تاڭ سەھەر كىرگەندە باغقا ناتىۋان،
شۇندا ھەيران قالدۇرۇپ ئۈيغۇننى ئىنسان بولدى گۈل.

策　　划：伊布拉音·色满
组　　稿：阿布来提·居马土谱热克
阿不都许库尔·伊敏
责任编辑：吾热古丽·玉苏甫
责任校对：努丽曼·卡德尔
封面设计：海米旦·赛达力木
制　　版：热娜·艾买提

玩火的姑娘（维吾尔文）
（诗集）
阿巴拜克力·托合提　著

新疆人民出版总社
新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路255号　邮编：830049）
新疆新华书店经销　新疆力诺商务印务有限责任公司印刷
880mm×1230mm　32开本　5.375印张
2013年8月第1版　2013年8月第1次印刷

ISBN978－7－5466－1237－9（民文）　定价：18.00元

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : خەمدەنسە ئالىم



# چوغ ئوينىغان قىز

ISBN 978-7-5466-1237-9

定价：18.00元